

قەددەم دىربىن زادە

# ئۇزۇنغا سوزۇلغان يول

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

# ئۆزۈڭغا سوزۇلغان يول

(ئەدەبىي توپلام)

قەدەم دىربىن زادە



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

漫长的路：维吾尔文 / 克达木·都尔本扎德著. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2013.12

ISBN 978-7-5469-4408-1

Ⅰ. ①漫… Ⅱ. ①克… Ⅲ. ①中篇小说 - 小说集 - 中国 - 当代 - 维吾尔语(中国少数民族语言)②中篇小说 - 小说集 - 中国 - 当代 - 维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ. ①I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 241028 号

**责任编辑**：迪丽努尔·艾买提
**封面设计**：阿扎提·巴拉提
**审　　订**：亚森·吾不力哈斯木

**漫长的路**（维吾尔文）
作者：克达木·都尔本扎德

| | |
|---|---|
| **出　版** | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| **地　址** | 乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号 |
| **邮　编** | 830026 |
| **发　行** | 新疆新华书店 |
| **制　版** | 乌鲁木齐标杆集印务有限公司 |
| **印　刷** | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| **开　本** | 880mm × 1230mm　1/32 |
| **印　张** | 4.5 |
| **版　次** | 2013 年 12 月第 1 版 |
| **印　次** | 2013 年 12 月第 1 次印刷 |
| **书　号** | ISBN 978-7-5469-4408-1 |
| **定　价** | 13.50 元 |

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى



قەدەم دىربىسىن زادە 1964 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ۋەچە يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1984 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ جوڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1988 ـ يىلىدىن ھازىرغا قەدەر تاشقورغان ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

يازغۇچى 1985 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «تاشقورغاننىڭ سوئالى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژورناللاردا كۆپلىگەن شېئىر، نەسر، ھېكايىلەرنى ئېلان قىلغان.

# ئەسەرلەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ ئەسەرلەردە ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن، ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تاجىك جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە توسالغۇ بولۇۋاتقان بىر قىسىم بولمىغۇر ئىللەتلەر، قاششاقلىق، قالاقلىقلار، كونا، مۇتەئەسسىپ ئىدىيەلەر پاش قىلىنغان ۋە تەنقىدلەنگەن، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئىناق ئائىلە، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ھەققىدىكى ئىجتىمائىي ئارزۇلار ئىپادىلەنگەن. ئىلغارلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان شەيئىلەر مەدھىيىلەنگەن.

# مۇندەرىجە


تۇي لايىھەسى ........................ 1
يىغىن ........................ 3
غەلىتە تويلۇق ........................ 5
هاراقكەشنىڭ تەرجىمىھالى ........................ 7
كېپىنەك بالىسى ........................ 11
شامال ........................ 15
ئارقا ئىشىك ........................ 17
ئۈزۈنغا سوزۇلغان يول ........................ 20
گۆرخىز ........................ 23
ئاقتاز كۈچۈكى ........................ 26
كونا ئۆي ........................ 33
قەدەمنامە ........................ 39
تۇمانلىق جىلغا ........................ 42
مۇئەللىمجان ........................ 47
قەدەم ۋە قەلەم ........................ 53
بادنامە ........................ 55
ئىشان قىزى ........................ 57

# توي لايىھەسى

(فېلىيەتون)

ئىسراپخور توخۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مەسلىھەت ـ كېڭەش چېيى دىيارداش، ئەقرىبا ـ تۇغقانلار جەم بولۇشۇپ، «تويىنى تاش قەلئە» ئىچىدە ئۆتكۈزۈش كېرەكمۇ ياكى مۇز تاغ ئۈستىدە ئۆتكۈزۈش كېرەكمۇ ۋە ياكى ھاۋايى مۇئەللەقتە ئۆتكۈزۈش كېرەكمۇ؟ دېگەندەك ئىنتايىن مۇھىم، سەزگۈر مەسىلە ئۈستىدە ئۆزئارا كېڭەشىدۇ، مەسلىھەتلىشىدۇ! تازا يەپ ـ ئىچىشىدۇ!

ئىسراپخور توخۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بوۋىسى، مومىسى، دادىسى، ئانىسى، خوراز ـ مېكىيىنى، مۈشۈكى، تەخىيى، يەنە بىر نېمىسى ئۆلگەن ھازىدارلار رەسمىيەت بويىچە كۈتۈۋېلىنىدۇ.

ئىسراپخور توخۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى دادا تەرەپنىڭ قەدىردان بۇلۇمداشلىرى بىلەن ئانا تەرەپنىڭ ئەزىزدان ئىشداشلىرى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىنىدۇ!

ئىسراپخور توخۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چوڭ ئوغلۇمنىڭ مۆھتەرەم مەكتەپداشلىرى ئالاھىدە يۇقىرى چىقىم ـ خىراجەت بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ! ئىسراپخور توخۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەنجى

ئوغلۇمنىڭ «بۆبۈش» لەقەملىك چۆپقەتلىرى بىلەن توپى بولغۇچى قىزىمنىڭ جانان چىنىدەك ئەتىۋارلىق مېھمانلىرى پەۋقۇلئاددە رەۋىشتە كۈتۈۋېلىنىدۇ!

ئىسراپخور توخۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ، 7 ـ كۈنلىرى قىزىمنىڭ رەسمىي چوڭ توپى بولىدۇ.

فېلىيەتون مۇئەللىپىنىڭ ئىلاۋەسى: ھەشەمەتخور، مەنمەنچى ھەشەمەتلىك توي بىلەن ئەتە ئېغىر ھالسىرايدۇ، يالاڭتۆش توخۇغا ئايلىنىپ، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇشنىڭ تار كاتىكىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالىدۇ، خالاس.

# يىغىن

(فېلىيەتون)

«قانداق قىلغاندا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىپ كەتكىلى بولىدۇ؟» تېمىسىدىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك يىغىن قەدىمكى «تاش قەلئە» ئالدىدىن ئورۇن ئالغان بىر كونا كۇلۇبتا ئېچىلدى.

يىغىننىڭ كۈن ـ تەرتىپى بويىچە ھەر كۈنلۈك يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يىغىن ئەھلىگە ھاردۇق چېيى بېرىش يۈزىسىدىن، يەپ ـ ئىچىشلار باشلىناتتى. قورۇقدالغان بوتۇلكىلار زىياپەتخانىنىڭ ئۆگزىسىگە تاشلىناتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيە بازىرىغا قوشنا بولغان يېزىدىكى ئاشىق ئىسىملىك دېھقانىنىڭ يېپ تاغىرىغا قاچىلىنىپ ئەكتىلەتتى...

يىغىن ھەركۈنى ئەنە شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋەردى، ئاشىقنىڭ قولىمۇ تاغارغا بوتۇلكا قاچىلاشتىن توختىمىدى.

ئارىدىن يەنە قانچە ئايلار ئۆتتىكىن تاڭ، بىركۈنى يىغىن ئەھلىگە مۇنۇ مەكتۇپ ئوقۇپ ئۆتۇلدى:

مۆھتەرەم يىغىن مەستانىلىرى، تۇگىمەس يىغىنىڭلار ئەمدى جەھەننەمگە ئۇزىتىلسۇن، بۇ نەتىجىسىز يىغىنىڭلارنىڭ ئاشىق ئىسىملىك بىر نامرات دېھقاننى ھاراق بوتۇلكىسى بىلەن تەمىن

ئېتىشتىن باشقا، ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئۇنۇمى بولمىدى. ئاشىق سىلەر قۇرۇقداپ تاشلىۋەتكەن ھەربىر بوتۇلكىنى موچەنگە سېتىپ يۈرۈپ قىلغان تاپاۋىتىدىن بىر تېمەن ئات سېتىۋالغان!

يىغىن ئەھلى يىغىنخانىدىن چىققاندىن كېيىن، كۆز يېشى قىلىشقىنىچە بىر ـ بىرى بىلەن خوشلىشىشقا باشلىدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە «تاش قەلئە»دىن كەلگەن مۇنۇ سادا خوشلىشىۋاتقانلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى:

مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولمىش «تاش قەلئە» قۇرۇق يىغىن بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ئىش بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن!...

# غەلىتە تويلۇق

(فېلىيەتون)

يېقىندىن بېرى بۇ «قەلئە» دە غەلىتە نەرسىلەر كۆپەيگىلى تۇردى. باشقا نەرسىلەرنىڭ غەلىتىلىشىشى بەلكىم نورمال ئىشتۇ، بىراق «تويلۇقنىڭ غەلىتىلىشىشى» قىزىق ئىش - دە! باشقا گەپنى قويۇپ، مۇنۇ ھېكايىنى ئاڭلايلى.

«ياغلىق چىگىش - چاي ئىچكۇزۇش» مۇراسىمى رەسمىي باش- لاندى. قىز تەرەپ ھەيئەت رىياسىتىنىڭ بىر تويلۇقشۇناس ئەركەك خادىمى تويلۇق تىزىملىكىنى ھەيۋەتلىك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇش- قا كىرىشتى:

چوكانچە چىدامىلىق چىپەرقۇت چاپان، چوكانچە چەكمەن چاپان، چوكاننى چىرايلىقلاشتۇرۇپ چولپاندەك چاقنىتىدىغان چىكەن چىلتەك، چوغرەڭ چايشاپ، تاۋار تاشلىق، تۇگمىسىز تاجىكچە تەييار توندىن تۆتى، تاق تۇگمىلىك تىۋىت تون، تارىم تۆگمىسىنىڭ يۇڭ- دىن توقۇلغان تونلۇق، بەدەننى تەرلەتمەيدىغان، تۇلۇمسىمان - تاغار- سىمان تەپتەييار تاسمىلىق تامبالدىن توققۇزى، پاختىلىق پۇقراچە پەرىجە، پەرىزات پەلتۇسى، پوزۇر پوپايكا، پۇتنى پەرۋىشلەيدىغان، پات-

قاقفا پاتمايدىغان، پولات پاشنىلىق بەتىنكە، پاقالچاقنى پەردازلاپ پار-
قىرىتىدىغان پۆراقلىق پوپۆتاڭ پايپاق، پەۋقۇلئاددە پاسۇنلۇق پايتى-
ما - پوپۆش.... كۆركەم كادىرچە كۆڭلەك، كۆزدە كېلىنچەك كىيىدى-
غان، كالاۋۆتۆندا كەشتىلەنگەن كالتە كۆلرەڭ كەمزۆل - كەنزۆر①،
كەدبانۆ② كىيىدىغان، كونا - كىلاسسىك كاسايا كاستۆم. يارىشىم-
لىق يۆگىمە يېپىنچا، يېپەك ياغلىق يۆپۆقتىن يەتمىش! ياشانغاننى
ياشارتىدىغان يەرلىك، يازلىق يۆڭ ياغلىق. تاق يەڭلىك، ياماقلىق،
يىرتىلماس يەل يەكتەك. ياقىسىز، يانتۆ يانچۇقلۇق يالماۋۆزچە يوپكا،
شەيتان - شاياتۆنچە شەلپەر شارپا، شاپتۆلرەڭ شاهانە شىم - شالۋۆر،
ئۆرۆكرەڭ ئۆمۆرلۆك ئۆي ئۆتۆكى...

غارايىپ تويلۇق تىزىملىكنىڭ قۆيرۆقى ئۆزۆلە - ئۆزۆلمەيلا،
كۆتۆلمىگەن بىر ئىش يۆز بەردى: پەگادا سۆكۆت ئىچىدە ئۆرە تۆرۆش-
قانلاردىن بىرى ( ئوغۆل تەرەپنىڭ دادىسى بولسا كېرەك ) غەلىتە توي-
لۇقتىن بىئاراملىق هېس قىلىپ، هوشىدىن كەتتى...

---

① كەدبانۆ - ئايال غوجايىن

② كەنزۆر- يازلىق چاپان

# هاراقكەشنىڭ تەرجىمىھالى

(فېلىيەتون)

مەي مەستكە دۈشمەنۈ، ھوشيارغا ياردۇر،
ئاز بولسا ھۇزۇرى، كۆپى ئازاردۇر.
كۆپ بولسا زىيىنى ئاز ئەمەس ئۇنىڭ،
ئاز بولسا ئۇندا كۆپ مەنپەئەت باردۇر.

— ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا

مېنىڭ ئىسمىم شارابخۇمار ئىبنى شاراپ، مەن مىلادىيە 1964 ـ يىلى 2 ـ دېكابىردا بوتۇلكا ئوبلاستىنىڭ رومكا دېگەن يېرىدە ھاراقنى دەپ دۇنياغا كەلگەن. ئاڭلىشىمچە، مېنى شۇ چاغدا ھاراق پەرىشتىسى بىر قوشۇق ھاراق بىلەن ئېغىزلاندۇرغانمىش. مەن ئاشۇ بىر قوشۇق ھاراق بىلەن مەست بولۇۋېلىپ يېپىېگى بۆشۈكۈمنى سۇندۇرۇۋەتكەن ئىكەنمەن. مەندەك مەست بوۋاقنى كۆرگەن خالايىق ھاڭ ـ تاڭ قېلىشقانمىش!

مەن 1976 ـ يىلى «شانپان» باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1980 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە «پىۋا» ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1985 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە «سەنتەي» ھارىقى

كەسپىدە ئەتراپلىق تەبىيەلەنگەندىن كېيىن، «ئاق هاراق» قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى بىلەن «ئۈزۈم هارىقى» هاۋا ئارمىيەسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاشقازان شەهىرىنى ئىشغال قىلىپ ئوپېراتسىيە مېدالىغا ئېرىشكەن.

«رېستوران ئىنقىلابى» پارتلىغاندا ئىنچىكە هالدا «يۇمىلاق ئۇستەل پولكى»نىڭ «پولكوۋنىكى» بولۇپ، يەپ ـ ئىچىشنىڭ، بەدەخەجلىك ۋە ئىسراپخورلۇقنىڭ ئالدىنقى سېپىدە زەپەر قۇچقان، شۇنداقلا «يانچۇق تازىلاش هەرىكىتى» دىكى 1 ـ نومۇرلۇق شەخس دەپ ئېتراپ قىلىنىپ ئەنگە ئېلىنغان!

هاراق ئۇستازىمنىڭ پائال يېتەكلىشىدە، مەن دەلدەڭشىپ مېڭىش هۈنىرىنى ئۆگىنىپ، ئاجايىپ ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ شانلىق ئىزلارنى قالدۇرغان! هۈنىرىمنىڭ ياخشىلىقىدىن تام، دەرەخلەرگە ئۇسۇۋېلىپ، يۈز ـ پېشانەمدە يېڭى تارتۇقلارنىڭ پەيدا بولۇپ تۇرۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلغان. تارتۇقلۇق يۈزۈم نۇرغۇن قېتىم تارتۇقلۇق يۈزلەرنى باهالاش هەيئىتى تەرىپىدىن «لاياقەتلىك يۈز» دەپ باهالىنىپ، دورىلىق پىلاستىر مۇكاپاتىغا نائىل بولغان. قاۋاق، رېستوران، بازارلاردا ئالا ـ تاغىل ناخشىلارنى بولۇشىغا توۋلاپ، سانسىزلىغان قۇلاقلارنىڭ گاس بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان. بىر قېتىم مەست هالەتتە هايۋاناتلار دۇنياسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ئالا ـ تاغىل ناخشىلىرىم بىلەن مايمۇن، كالا، بۆرە، ئىت قاتارلىق نوپۇزلۇق هايۋانلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. هايۋاناتلار پادىشاهى شىر مېنى «داڭلىق غەزەلخان» دەپ ماختىغان هەمدە بىر دانە تىمساق تۇخۇمى بىلەن مۇكا-

پاتلىغان.

يەنە دېسەم، مەن مەستلىك قوماندانىنىڭ قوماندانلىقىدا، ئائىلە-ۋى ئۆرۈشنى قوزغاپ، ئائىلىنى كونترول قىلىۋالغان خوتۇنۇمنى مۇشت، شاپىلاق، پەشۋا قاتارلىق ئىلغار تېپتىكى قوراللار بىلەن مىڭ تەستە مەغلۇپ قىلىپ، «ئەركىن بويتاق جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەش بار، ئوت يوق ؛ ئۇن بار، نان يوق؛ سۇ بار، چاي يوق بولۇشتەك يېڭىچە ئائىلىۋى تەرتىپنى ئورناتقان. بارا ـ بارا مەن چاچنى يۇيۇشقا ۋاقىت چىقىرالماسلىق، كىر ـ قاتلارنى يۇيۇشقا خۇشياقماسلىق قاتارلىق جەھەتلەردە تىللاردا داستان بولغۇدەك خىزمەت كۆرسىتىپ، نەتىجىدە قاسماقلار بىرلەش-مىسىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ تەيىنلەنگەن!

نۆۋەتتە مەن قاۋاق، مەيخانىلارنىڭ غوجايىنلىرى تەسىس قىلغان «نىسىيچىلار دەپتىرى»نى توشقۇزۇش مۇسابىقىسىگە داۋام-لىق تۈردە قاتنىشىپ، ئىسىم ـ فامىلەم بىلەن ھەر ئايدا ئىككى ـ ئۈچ دەپتەرنى توشقۇزۇۋېتىپ، قەرزگە بوغۇلۇشنىڭ چېمپىيونى بولۇپ كەلمەكتىمەن!

ھاراق ـ شاراب مۇتەخەسسىلىرى ماڭا: «زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئىچەرمەن، ھاراقنىڭ ئوبۇروت بولۇشىغا زور تۆھپە قوشۇپ كېلىۋات-قان تۆھپىكار» دەپ يۇقىرى باھا بېرىشتى.

مەن ھازىر «مەملىكەتلىك ئىچەرمەنلەر جەمئىيىتى»نىڭ غوللۇق ئەزاسى، «ماۋتەي، ۋېسكىي ئىچىش بىرلەشمىسى»نىڭ پەخرىي رەئىسى، «قىزىل ھاراق قىزىل ئىتتىپاقى» نىڭ ئالاھىدە ئە-زاسى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە 50، 100 گىرامدىن ناشتىلىق مەي ئىچ-

كۆچىلەر ھەيئەت رىياسەتىنىڭ دائىمىي رەئىسى، «ھاراق ۋە زاكۇس-
كا» تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۆمىدلىك تەتقىقاتچىسى!

قىسقىسى، مەن ئەخلەت - توپىلاردا يېتىۋېلىپ، مەستلىكنىڭ
ئاجايىپ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىشنىڭ تىپىك بايراقدارى، ھا-
راقنىڭ كاساپىتىدىن خىزمىتىمدىن، بارلىق ئىستىقبالىمدىن ئايرى-
لىپ قالغان ئەزىمەتمەن، زەھەرلىنىپ ئۆلۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
يولىدا باتۇرانە كۈرەش قىلىۋاتقان ھاماقەت مەن!!!

# كېيىك بالىسى

(ھېكايە)

مەخپىي ئوۋ ئوۋلايدىغان چارۋىچى لەشكەرنىڭ يايلاقتىكى خىلۋەت كەپىسىدىن ياز كۈنلىرى كېيىك گۆشى زادىلا ئۆكسىمەيتتى.

مانا بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ كەپىسىدە بىر ئانا كېيىك سويۇلۇۋاتاتتى.

— دادا، بۇ كېيىكنىڭ بالىسى بار ئوخشايدۇ، قارا يېلىنىدىن ئاپئاق سۈت ئېقىۋاتىدۇ، — دېدى كېيىكنىڭ تېرىسىنى شىلىۋاتقان دادىسىنىڭ قېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان كىچىك سەرۋەر.

— مەن بۇ تىربەخت (ئوۋلانغۇچى) نى ئاتقاندا يېنىدا بالىسى يوق ئىدى. بولمىسا ئۇنىمۇ ئېتىۋەتكەن بولاتتىم، — دېدى لەشكەر مەغرۇرلانغان قىياپەتتە.

— دادا، سەن ئەجەب رەھىمسىز سەن، ئانىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، يەنە بالىسىنىمۇ. ..

— سەرۋەر، سەن ئوق تەگكەن كېيىك رەسمىي ئۆلىدۇ، دەپ قارامسەن؟ — دېدى لەشكەر قانلىق قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ.

سەرۋەر دادىسىغا ھەيرەتتە تىكىلدى.

— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى لەشكەر، — كېيىكنىڭ تېرىسى قېلىن ھەم خاسىيەتلىك بولغاچقا، ئوق تېرىدىلا توختاپ، جانغا تەگمەيدۇ. ئامان - ئېسەن قالغان جان تەندىن چىقىپ، بىر گۇلزارلىققا ئۇچۇپ بارىدۇ - دە، ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئىگىسىنى تىرىلدۈرىدۇ!

— دادا، ئادەمگە ئوق تەگسە رەسمىي ئۆلەمدۇ، — قىزىقىپ سورىدى ساددا سەۋەر.

— رەسمىي ئۆلمەيچۇ، ئادەمنىڭ تېرىسى نېپىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېيىكنىڭكىدەك خاسىيەتلىك ئەمەس - تە!

— دادا، ئادەم كېيىك تېرىسىگە ئورىنىۋېلىپ، ئاندىن ئوق تەگسىچۇ؟ ئۇ چاغدا رەسمىي...

— ھە، ئۇ چاغدا ئادەممۇ رەسمىي ئۆلمەيدۇ، — دېدى مەمەدان لەشكەر بالىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ، — گۇلزارلىقتا قايتا تىرىلىدۇ، كېيىكلەرنى پەرۋىش قىلىپ باقىدۇ، ئارقارلارنى ئىگەرلەپ مىنىپ، ئانا كېيىكلەرنىڭ سۈتىنى قىش - ياز ھۇزۇر- لىنىپ ئىچىدۇ!

— سەرۋەر شۇ ئەسنادا ئۆزىنى بىر خىيالىي مەنزىرە قوينىدا تۇ- رۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

— ھە، راست، بۇگۈن يەنە ئوۋ ئوۋلىغىنىمنى ھېچكىمگە تىنما جۇمۇ، — دەپ جىددىي تەلەپپۇزدا جېكىلەپ قويدى لەشكەر خىيالغا پاتقان بالىسىغا يېنىچە قاراپ قويۇپ.

سەرۋەر «ماقۇل» دېگەن مەنىدە بېشىنى مۇنداقلا لىڭشىتىپ

قويدى، ئاندىن ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ تالاغا چىقتى ۋە ياز قۇياشىنىڭ چۈشتىن كېيىنكى نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان، سۇغۇرلار بەس ـ بەستە ئىسقىرتىشىۋاتقان، قوزا ـ ئوغلاقلار ئوتلىشىۋاتقان قاپتالغا قاراپ چاپتى.

لەشكەر ئەتىسى يەنە ئوۋ ئوۋلىغىلى كەتتى. ئۇ شۇ كەتكەنچە بىرەرمۇ ئولجا تاپالماي تۈن نىسپىدە كەپىسگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىنتايىن روھسىز هالدا، ئوقلاغلىق مىلتىقىنى تامدىكى قوزۇققا ئىلىپ قويۇپ، قورسىقىغىمۇ بىرنەرسە يېمەستىن، يېشىنمايلا يېتىپ قالدى.

خېلى كۈنلەردىن بېرى قوي بېقىش ۋەزىپىسى ئۆزىگە يۈكلەن- گەن ئايال قاق سەهەر ئورنىدىن تۇرۇپ، خارقىراپ ئۇخلاۋاتقان ئوۋخۇمار ئېرىگە ئالىيىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، نائىلاج چوپان تايىقىنى يەنە قولىغا ئالدى.

كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن مەهەل ئىدى. سەرۋەر بىر قولىدا ئوۋ مىلتىقىنى، بىر قولىدا كېيىك تېرىسىنى كۆتۈرۈۋالغان هالدا كەپىدىن چىقىپ، ئۇدۇل قاپتال تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنى ئۇ يەردە تەڭ دېمەتلىك دوستى سىياۋۇش ساقلاپ تۇرغانىدى.

ــ سىياۋۇش، دادام تېخى كەپىدە ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇ ئويغانغىچە بىز ئۇنىڭ مىلتىقىدا بىردەم «ئوۋ ئويۇنى» ئوينىۋالايلى، بولامدۇ؟ــ دېدى سەرۋەر هاسىراپ ـ هۆمۈدىگىنىچە.

ــ بولىدۇ، قانداق ئوينايمىز؟ــ دېدى ئويۇنقېپى سىياۋۇش خۇشال بولۇپ.

ــ هە، مۇنداق ئوينايمىز. سەن ئوۋچى، مەن ئانىسىدىن ئايرى-

لىپ قالغان كېيىك بالىسى. سەن مېنى ئات، مەن ئوق تېگىپ ئۆلـ-
مەن، ــ دېدى سەرۋەر مىلتىقنى «ئوۋچى»نىڭ قولىغا تۇتقۇزغاچ.
«كىچىك ئوۋچى» مىلتىقنىڭ ئاغزىنى ئۆزىدىن بىرنەچچە قەدەملا
نېرىراقتىكى جايدا مىدىر - سىدىر قىلماي يېتىۋالغان «كېيىك بالـ-
سى»غا قاراتتى. ئۇ مىلتىقتا ئوق يوق دەپ ئويلىغانىدى.
ــ تەپكىنى بېسىشنى بىلەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى سەرۋەر تە-
خىرسىزلەنگەن هالدا.
ــ بىلىمەن، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئوۋچىنىڭ بالىسىمەن! ــ
دېدى سىياۋۋش مەغرۇر قىياپەتتە.
سەرۋەر «مىلتىقتىن راستتىنلا ئوق چىقىپ كەتسىچۇ كاشكى،
ئوقتا ئۆلۈپ يەنە گۈلزارلىقتا قايتا...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن
ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.
«پاڭ!...» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كېيىك تېرىسىگە ئورىنىۋالـ-
غان كېيىك بالىسىنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولدى.

★★★

«كىچىك سەرۋەر ئىگەرلەنگەن ئارقارغا مىنىپ، گۈلزارلىقتىـ-
كى كېيىكلەرنى مۇهاپىزەت قىلماقتا»
بۇ، مەقبەرە تېمىغا سىزىلغان بىر نادىر رەسىم ئىدى.

# شامال

(ھېكايە)

— ئۆنى يالغۇز قىزىمىز دەپ، مېھرىمىز بىلەن پەرۋىش قىلىپ، ئوقۇتۇپ، سۇمۇرغ بالىسىدەك يەتتە قات ئاسمانغا ئۇچۇرۇۋەتسەك، ئۇ ئاخىرى نېمە قىلدى؟ ئاتا ـ ئانىلىق دەۋەت ـ ئىلتىجالىرىمىزغا قىلـ چىمۇ پەرۋا قىلماي، ئەرۋاھدىن ۋاز كېچىپ، يات تائىپەدىن بولغان بىرىگە ئۆيىنىڭ سىرتىدا ياتلىق بولۇۋالدى. ئەمدى بۇگۈن يەنە قايسى يۈزى بىلەن بۇ ئۆيىنىڭ ئالتۇن بوسۇغىسىغا دەسسەيدىكەن!؟ ئۇنى بۇ ئۆيىنىڭ بەش مەزمۇت تۈۋرۈكى قوبۇل قىلامدۇ؟! ئۇنى جەددى ـ پۇشـ تىمىزنىڭ ساپ ھېدىغا تولغان بۇ ئۆيىنىڭ بەش مەزمۇت تۈۋرۈكى قوبۇل قىلامدۇ؟ 60 ياشلاردىكى دېھقان دادا تاش قورۇلمىلىق تاجىكـ چە ئۆيىنىڭ تار پەگاسىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، ئەنە شۇنداق دەپ ھۆركىرىدى.

دەل 13 ياش ۋاقتىدا ئاتالمىش «نىكاھ سىنىقى» دىن ئۆتۈپ، بۇ ئۆيگە زورلۇق بىلەن كېلىن بولۇپ كىرگەن، ئەنە ئالدى ۋە ئۇستى تەرىپى ئوچۇق ئەنئەنىۋى ئوچاقنىڭ سۇپىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇرچۇقتا يىپ ئىگىرىۋاتقان، «خارتۇمى» ساڭگىلاپ تۇرغان ئايال ئېـ

رىنىڭ سۆزىنى باش لىڭشىتىپ تەستىقلىغاندىن كېيىن:

— بىز ئۇ «ئەرۋاھ ئۇرغۇر»نى ھەرگىز بۇ ئۆينىڭ ئالتۇن بوسۇغىسىغا دەسسەتمەيلى. ئۇ بىزنىڭ قىزىمىز ئەمەس، يات تائىپەنىڭ كېلىنى! ئۇنىڭ ئېرى بىزنىڭ كۈيۈئوغلىمىز ئەمەس، يات تائەپەنىڭ ئوغلى! ئەر - خوتۇن ئىككىسىگە بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسى ھەرگىز «خوش ئامەدى»① دېمەيدۇ، — دېدى ۋە قولىدىكى ئۇرچۇقنى قەھرى بىلەن قوقاسلىق ئوچاققا تاشلىۋەتتى.

ئارقىدىنلا دادا يەنە بايامقىدەك ھۆركىرەشكە باشلىدى. ئەل ياتقۇ مەزگىل. تالادا كۈچلۈك شامال چىقىۋاتاتتى. شامالنىڭ ئاۋازى بىر مىلودىيە ئىدى. ئەنە توي ئۈستىدىكى قىز - يىگىتنى تەبرىكلەپ، ھافىزلار تاجىك ئەل كۈيى — شاھىنشاھ كۈيىنى داپ بىلەن تۇۋلاشماقتا. قىز پەرزەنتىنىڭ «جەدىد② نىكاھى» دىن چەكسىز نارازى بولۇشقان، باشلىرىنى قەدىمىي رەختتىن تىكىلگەن يوتقانغا مەھكەم چۈمكىشىپ، ئۇيقۇسىز يېتىۋېلىشقان ئەر - خوتۇننى شاھانە كۈي ئىنتايىن بىئارام قىلماقتا. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قاچاندۇر بىر زامانلاردا ياسىلىپ بېكىتىلگەن، ھازىرنىڭ ئۆزىدە بولسا ئىچىدىن زەنجىرلەپ قويۇلغان ئىشىكنىڭ تۆۋەنكى ئىلگۈچىكى پەۋقۇلئاددە كۈچىيىۋاتقان شامالنىڭ سېھرى كۈچى بىلەن سۇنۇپ كەتتى.

---

① خوش ئامەدى — قارشى ئالىمىز دېگەن مەنىدە.

② جەدىد — يېڭى.

# ئارقا ئىشىك

(مىكرو ھېكايە)

— سەن ئۆيگە باشلاپ كەلگەن ئۇياق كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورى-دى لالە ئۆزىنى تاماق ئېتىشكە بۇيرۇش ئۇچۇن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئېرىدىن.

— مەن بىلەن ئىلگىرى بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم، — دەپ جاۋاب بەردى خۇدانەزەر، — ھازىر ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىدا ئىشلەيدىكەن، خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىمىزغا كەپتۇ.

— ھە، ساۋاقدىشىڭ بولغاچقا ئۆيگە تەكلىپ قىپسەن - دە؟

— ئۇنىڭ ئۇچۇنلا ئەمەس، — خۇدانەزەر ئايالىنىڭ كۆزىگە قادى-لىپ تۇرۇپ دېدى، — مۇھىمى، ئەڭ مۇھىمى ئارقا ئىشىك قىلىش ئۇچۇن.

— ئارقا ئىشىك؟ — تەئەججۇپتە سورىدى مەلۇماتسىز ئائىلە ئايالى.

— ئوغلىمىز ئەزىم ئۇچ يىلدىن كېيىن ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئىمتىهان بېرىدۇ... بۇنداق قىممەتلىك ئادەمنىڭ قايتا بۇ يېزىغا كې-لىشى ناتايىن. شۇڭا...

لاله بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، قىڭراقنى قولىغا ئالدى.

شۇ ئەسنادا ئاشخانا ئىشىكى ئالدىدا رەسىم سىزىپ ئولتۇرغان ئەزىم گەپنىڭ باش - ئايىغىنى چالا - پۇچۇق ئاڭلاپلا قەلىمىنى قويۇپ ئاشخانىغا كىردى - دە:

— دادا، ئارقا ئىشىك دېدىڭما، — دەپ سورىدى قىزىققان هالدا.

— هە، ئوغلۇم، كىرىپ - چىقىشتا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن قازناق-نىڭ هاجەتخانا تەرەپكە قارايدىغان تېمىدىن بىر ئىشىك ئاچساقمى-كىن، سېنىڭچە قانداق، — دېدى دادىسى ۋە ئايالىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم، — ئەزىم ۋىچىرلاپ كەتتى، — تۈنۈگۈن ئاپام ئىككىمىز جەلال ئىشانلارنىڭكىگە بارغانىدۇق. ئۇلارنىڭ كونا ئۆيىنىڭ بىر ئارقا ئىشىكى بار ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىم...

كالىلىسىنى پۈتۈنلەي «مۇهىم ئىش» چۇلغىۋالغان ئوقۇتقۇچى خۇدانەزەر ساددا ئوغلىنىڭ ئارتۇقچە گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشنى خا-لىمىدى بولغاي، ئاشخانىدىن چىقىپلا مېهمانخانىغا كىرىپ كەتتى. لالەمۇ تاماقنى ئوبدانراق ئەتمىسە ئاچچىقى يامان ئېرىدىن دۇمبا يەي-دىغانلىقىنى ئويلاپ، پۈتۈن دىققىتىنى تاماق ئېتىشكە قاراتتى.

ئەزىم بولسا، گۇرجەك، كەكىلەرنى كۆتۈرگىنىچە، ئۆدۈل «ئىشگاه» تەرەپكە ماڭدى. دادىسى بىرەر ئىشنى قىلىش هەققىدە كال-پۇكىنى مىدىرلىتىپلا قويسا ئىشنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇش ئەزىمنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىۋاتقان ئادىتى ئىدى. شۇڭا ئۇ هەمىشە ئۆي ۋە مەكتەپتە «ئاكتىپ»، «دادىل» دېگەندەك ياخشى باهالارغا سازا-

ۋەر بولاتتى. مانا بۈگۈنمۇ ئۇ دادىسىنىڭ «ياخشى باھا»سىغا سازاۋەر
بولماقچى بولدى.

«تاش بىلەن بىر قات قىلىپ سوقۇلغان تامنى تەشمەك نېمىدې-
گەن ئاسان - ھە»، — دېدى كۆڭلىدە ئەزىم ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋې-
تىپ. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن «قىممەتلىك ئادەم»
بىلەن ھېلىقى «مۇھىم ئىش» ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقان خۇدانەزەر ۋە
تاماققا تۇتۇنۇۋاتقان لالەنى گۈلدۈرماما ئاۋازىغا ئوخشاش بىر دەھشەت-
لىك ئاۋاز چۆچۈتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى مېھمانخانى-
دىن، بىرى ئاشخانىدىن سىرتقا ئېتىلدى.

ئەر - ئايال ئىككىسى چاڭ - توزان كۆتۈرۈلىۋاتقان جايدا تەمتى-
رەپ قالغىنىچە «ئەزىم!.. ئەزىم!..» دەپ سەۋدايىلارچە توۋلاشتى. ئەپ-
سۇسكى، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قېرى تامنىڭ تاش - چالمىلىرى تېگىدە
مىجىلىپ ياتقان جەسەتتىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى...

# ئۇزۇنغا سوزۇلغان يول

(مىكرو ھېكايە)

1

ئۇچىسىغا سەكسەن يېرىگە ياماق چۈشكەن چىپەرقۇت شىم ـ چاپان، بېشىغا كونا تېرە تۇماق، پۇتىغا كونىراپ كەتكىنىدىن قونچى قىسقىراپ، چاۋلى ( چۆل كەشى ) گە ئوخشاپ قالغان ئاياغ كىيگەن، مۈڭگۈز ـ تۇياقلارنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە قىش ـ ياز قىلغان قارا مېھنەتنىڭ دەستىدە ۋاقىتسىز قېرىپ قالغان بۇ مالچى، قۇياش مەغرب تېغىغا باش قويغاندا، قوي پادىلىرىنى توپلىق يول بىلەن قو- رۇغا ھەيدەپ كېلىپ قوتانغا سولىدى ـ دە، كىرلىشىپ كەتكەن ئىشتان بېغىنىڭ ئىككى ئۇچىنى يوتىسىغا ساڭگىلاتقىنىچە تاش قورال دەۋرىدىن قېپقالغان گۈمبەزگىلا ئوخشايدىغان پاكار، كونا تاش كەپىسىگە كىرىپ كەتتى.

مالچى ئىشىكتىن كىرىپلا داكا رومىلىدىن تارتىپ چىت كۆڭلىكىگىچە ئىس پۇراپ تۇرىدىغان، تەرلەپ پىشىپ ئىپتىدائىي ئوچاققا ئارپا نان يېقىۋاتقان ئەبگار ئايالىغا ۋە كاڭدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، سىرلىرى ئۇچۇپ كەتكەن داستىكى قېتىقنى

شالاپشىتىپ ئىچىشىۋاتقان نارەسىدە ئىككى قىزى (بىر جۈپ قاسماق لاتا قورچاق)غا مۇنداقلا قاراپ قويدى، ئاندىن ئاستا بېرىپ، تۆردە ئۆچكە تېرىسىدىن ئېتىلگەن پوستەك ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ، «جۇڭگو تاشقورغان چۆچەكلىرى» ناملىق كىتابتىكى «ئەرشتىكى سو-دىگەر بالا» دېگەن چۆچەكنى زوق بىلەن ئوقۇۋاتقان، ئۈستىبېشى تە-زەكتە مەينەت بولۇپ كەتكەن 12 ياشلىق ئوغلىنىڭ بېلىكىدىن تۇت-قىنىچە ئۇنى ئۆيدىن تالاغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇدۇل قوتاننىڭ قېشىغا ئاپاردى. ئوغلى «نېمە ئىش» دېگەندەك دادىسىغا سوئال نەزىرىدە تە-كىلدى. دادىسى باياتىندىن بېرى قولىدىن چۈشۈرمىگەن تاياقنى ئوغ-لىغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، بۇ چوپان تايىقى، ئاۋۇ قوتاندىكىسى بولسا، تەۋەررۇك ئىگىلىكىمىز چارۋا. سەن ئەتىدىن باشلاپ چوپان. مەنمۇ دەل سەندەك ۋاقتىمدا بۇ تاياقنى قولۇمغا ئالغانمەن، — دېدى.

ئوغلى كەسكىن هالدا:

— ياق، دادا، مەن مالچى بولمايمەن، بۇ تاياقنىڭ ماڭا لازىمى يوق. بۇنىڭدىن كېيىن تىزەك تېرىپمۇ يۈرمەيمەن،... دېدى.

دادىسى غەزەپتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قولىدىكى تاياق بىلەن ئوغلىنى دومبالاشقا باشلىدى. بىراق چىداملىق ئوغلان تاياققا هەرگىز ئەل بولماستىن ناهايىتى يىراققا سوزۇلغان چىغىر يولنى بويلاپ بەدەر قاچتى. دادىسى كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى.

2

يان تەرىپىگە مەلۇم شىركەتنىڭ نامى يېزىلغان كىچىك ماشىنا دۆلەت دەرۋازىسىدىن كىرىپ، خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، قەدە-مىي كەنتنىڭ چېتىدىكى ئاسفالت يولدا ئاستا تورمۇزلاندى. ماشىنا ئىچىدىن كاستىيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ گالىستۇك تاقىۋالغان، چېچى-نى مايلاپ پارقىرىتىپ، يارىشىملىق بۇرۇت قويۇۋالغان بىر ياش چىقىپ، 50 مېتىرچە يىراقلىقتىكى قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدى.

ئۇ دادىسىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ بىر چاغدا تاياققا ئەل بولماي، چېغىر يولنى بويلاپ قاچقان ھالىتىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ ئۆتتى.

ماشىنا قوزغالدى. خاس شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان، بۇ ياشنىڭ كۆزلىرىدىن تۇنجى بولۇپ چەت ئەلگە چىقىپ، چېگرا سىر-تىدىكى سودىسىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىق ئالا-مەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

# گۆرخىز

(ھېكايە)

بايتال دەرمىش:
كېسىلسە يايلىم، بوپكېتەرمەن گۇزەل - بىجىرىم.

«تاجىك قەلئەسى» دە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ كىشىنىڭ پوستىغا شەيتان شامال كىرگەچكە تەگ - ئېيتىنى، ئۆزىنىڭ سالاھىتى - كىملىكىنى تامامەن يوقىتىپ، غەلىتىلا بولۇپ قالغانىدى. ئالايلۇق، «بەختىشاھ» دېگەن چىرايلىق ئىسمىنى «بەختىيوف» قا ئۆزگەرتتى. كەشتىلىك ئۇز تۇماقنى «تېرە كۇلاھ» دەپ كەمسىتىپ، بېشىغا ئۇزۇن سەت سەرپۇش كىيىپ يۇردى. ئەنئەنىۋى «چاچ قايچىلاش» مۇراسىمىنىڭ ئورنىغا «تۇغۇلغان كۇن» ئۆتكۇزدى. يەنە پەرزەنتىنىڭ تويىدا داف بوۋىمىزدىن قالغان داپ بىلەن قوش قانىتىدىن ياسالغان سۆڭەك نەينى چېلىشنى توسۇپ، سازەندىلەرگە ئاللىقانداق چالغۇ - ئەسۋاپلارنى چالغۇزدى. «نورۇز بايرىمى» نى ئۆتكۇزمەيدىغان بولىۋالدى. ئېيتاۋۇر، ئۇ ھەممە نېمىنى ئۇنتىدى، تەرك ئەتتى. بىركۇنى بۇ

ياتلاشقان قىرىندىشىمىز ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ يەتتە كۈن داۋام قىلغان ھەشەمەتلىك توي مەرىكىسىدە مېھمانلار بىلەن ھاراقنى كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ قالدى. ئۇ زەھەرلىنىپ ئۆ- لۈشتىن بىر ئاي بۇرۇن بىئەجەل ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىنى ئالدىن بى- لىۋالغاندەك، ئاددىي راۋاق شەكىللىك قەبرىنى ياراتمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىگە ھەشەمەتلىك مەقبەرە سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ تېمىغا ئۆزى- نىڭ ھېلىقى يايلى قىرقىۋېتىلگەن غەلىتە ئاتنى تەتۈر مىنىپ چۇشكەن «جەلپكار» سۈرىتىنى ئېسىپ قويۇش ھەققىدە ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى.

ياتلاشقاندىن يەر ياتسىرايدۇ، ياتلاشقاننى يەرلىك قوبۇل قىلماي- دۇ. ئۇ يەرلىككە قويۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي گۆردىن تىرىلىپ چىقتى ۋە «شانبابا» قەبرىستانلىقىغا يېقىن بولغان قارا دەشتكە بېرىپ توختى- ماي پىرقىراپ يۈرۈيدىغان قۇيۇنغا ئايلىنىپ قالدى. بىر تاجىك ئارخېئولوگ قارا دەشتتىكى «ئات توپى» مەدەنىيىتىنىڭ ئىزناسىنى تەتقىق قىلىۋاتاتتى. تۇساتتىن «ئەي خالايىق، كىيىمىمنى ماڭا تېپىپ بەرسەڭلار» دېگەن سادا چىققان بىلەن تەڭ بىر قۇيۇن پىرقى- راپ كېلىپ ئارخېئولوگنىڭ ئالدىدا توختىدى...

ئارخېئولوگ ئۇنىڭدىن:

— ئەي سەن «گۆرخىزمۇ؟ بۇ دەشتتە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن دەپ سورىدى ھەيرەتتە.

— ھەئە، مەن گۆرخىز، — دەپ جاۋاب بەردى قۇيۇن، — لېكىن مەن ئەسلىمگە قايتماقچى، ماڭا كىيىمىمنى تېپىپ بەرسەڭ...

ئارخېئولوگ خورسىنىغان ھالدا ئۇنىڭغا كىيىمى بار جاينى

كۆرسەتتى:

ــ كىيىمىڭ ئەنە ئاۋۇ يەردە.

قۇيۇن:

ــ ئاھ، كىيىمىم، ئاھ كىملىكىم، ــ دېگىنىچە، كېپەنلىك ئادەمگە ئۆزگىرىپ، تاجىك ناھىيەسىنىڭ كىندىكىدىكى بىر مەدەنىيەت مۇنارىنىڭ ئۇستىگە ئورنىتىلغان چىرايلىق كەشتىلىك تۇماق ھەيكىلىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

«پالانى گۆرىدىن تىرىلىپ چىقىپتۇ، قارا دەشتتە گۆرخىز① پەيدا بولۇپ قاپتۇ» دېگەن گەپ ئۇزاققىچە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى.

① گۆرخىز ــ گۆردىن تىرىلىپ چىققۇچى؛ جىن

# ئاقتاز كۈچۈكى

(ھېكايە)

ئۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىنى ۋە ناھىيە بازىرىغا قوشنا بولغان يېزىنى كۆرگىلى بولىدىغان شوردۆڭنىڭ ئۈستىدىكى «پاقاتاش» دەپ ئاتىلىدىغان تاشتا ئولتۇرۇپ ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان بىر ئاقتازغا نەزەر سالدى. ئاقتاز قىرىغاندا كۈچۈك تۇغىدۇ. ئاقتاز كۈچۈكى ئىتنىڭ كۈچۈكىگە ئوخشىمايدۇ. ئاقتاز كۈچۈكى قۇش بىلەن ئىتنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، ئۇ ئۇچالمىسىمۇ، ئۇنى «قاناتلىق ئىت» دەپ سۈپەتلەش مۇمكىن. ئۇ بىر قىممەتلىك مەخلۇق. تېخى ئۇنىڭ گۆشىنى يېگىلىمۇ بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ گۆشىدە شورپا قاينىتىپ ئىچكەن ئادەمنىڭ قولتۇقىدىن غەلىتە قانات ئۆسۈپ چىقىدىكەن!

ئەمما، ئاقتاز كۈچۈكىنى تاپماق تەس. ئاقتاز ئېگىز، خەتەرلىك قىيادا كۈچۈكلەيدۇ. شۇڭا ئاقتاز كۈچۈكىنى ئىزدىگۈچى تاغقا يامىشىشنى بىلمىسە بىكار. «تاغقا چىقساڭ تىك چىقما»، «تاغنىڭ قولى بار رەھىمى يوق» دېگەن گەپنى ئەستە ساقلاش زۆرۈر. ئاقتاز كۈچۈكى تاپىمەن دەپ تاغدىن غۇلاپ چۈشۈپ كېتىدىغان ئىشتىن ھەزەر

ئەيلەش كېرەك. ھە، تاغقا چىقىشنى بىلمەيدىغان تەجرىبىسىز ئادەم ئاقتاز كۆچۈكى تاپىمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە، ئىتنىڭ كۈچۈكىنى بېقىۋالسۇن! مانا مەن ئاقتاز كۈچۈكىنى ئىزدەش يولىدا تاس قالغان جېنىمدىن ئايرىلىپ قالغىلى. خۇداغا شۈكرى، ئاخىرىزە ئۇ نادىر نەرسىنىڭ ساختىسىنى بولسىمۇ تېپىۋېلىپ، ئۇنى ھېلىقى باشلىققا ھەدىيە قىلىپ، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر بولۇشتىن ئىبارەت شېرىن چۈشۈمنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇۋالدىم. ئەگەر ئاقتاز كۈچۈكى بولمىغان بولسا، مەن ھەرگىز ئۆسەلمەيتتىم. يەنە بىر ئاقتاز كۈچۈكى تېپىۋالسام بولاتتى. ئاقتاز كۈچۈكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىتنىڭ كۈچۈكى بولسىمۇ مەيلىتى. ئاقتاز كۈچۈكىنىڭ توساتتىن سوۋغات بۇيۇمىغا ئايلىنىپ كەتكىنىگە ھەيرانمەن!

ئىشقىلىپزە، بىر قىسىم ئەمەلدارلار شۇنداق «سوۋغاتپەرەس» بوپكەتتىكى، ئادەتتىكى ئەنئەنىۋى سوۋغاتلار ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى سىرقىرىتىدۇ. ئاقتاز كۈچۈكى ئاشۇنداق ئەمەلدارلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان، كېچە ـ كۈندۈز تەلپۈنىدىغان سوۋغاتتۇر.

«پاقاتاش» تا ئولتۇرۇۋېرىپ، ئۇنىڭ كاسىسى يېغىر بولۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇ خىيال ئىلكىدە بۇنى سەزمەيتتى. ئۇ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ تاشتا ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

تاشنىڭمۇ ئېسىلى ھەم ناچىرى بولىدۇ. سايىنىڭ تاشلىرى تام سوقۇشتىن باشقا ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. زۇمرەت، بىللۇر تاش، قاشتاش... مانا بۇ تاشلار قىممەتلىك، ئېسىل تاشلاردۇر. قايسى بىر يىلى «قاراۋۇل» تاغلىرىدىن زۇمرەت چىقىۋېدى، بىر مەيدان

«زۇمرەت قىزغىنلىقى» ئەۋج ئالدى. شۇ چاغدا يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقلارغا «زۇمرەتشاھ»، «زۇمرەتگۈل»... دېگەندەك ئىسىملار قويۇلدى. زۇمرەت تېپىۋېلىپ بىراقلا بېيىپ كەتكەن بىر قىسىم «زۇمرەت بايلار» ئەسلىنى ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى. بەزى ئاياللار تاشنى دەپ ئىپپەت ـ نومۇسىنى سېتىشتى. يەنە ھېلىقىدەك ئەمەلدارلار زۇمرەت پارا ئېلىشنى ئادەت قىلىۋېلىشتى. كىمدۇر بىرى بىر تال زۇمرەت پارا بېرىپتىكەن، پارا ئالغۇچى پارىخور (تاشخور) كېيىن پاش بولۇپ قېلىپ، ئۆزى پارا ئالغان تاشنى يۇتۇۋېلىپ ئۆلۈۋاپتۇ. شۇ چاغدا بىر ھەزىلكەش مۇنداق دەپتىكەن:

پاك ئەمەلدار ياڭاق چاقار،
غەشت ئەمەلدار تاش چاينار.
تاش چاينىدى چىشى سۇندى،
بولدى ئۇ دەردكە دۇچار.

كېيىن زۇمرەت چىقىدىغان تاغنى — زۇمرەتگاھنى يولى بار بىر باي ئىگىلىۋالدى. ئۇ ئۆزى ئىگىلىۋالغان زۇمرەتگاھقا ھېچكىمنى يېقىن يولاتمىدى. ئەلقىسسە، «ئاممىۋى زۇمرەت قىزغىنلىقى» شۇنىڭ بىلەن پەسكويغا چۈشتى.

ئەمما، زۇمرەت ئۈچۈن چىشلىرى قىچىشىپ تۇرىدىغان «تاشخور» ئەمەلدارلار ھېلىمۇ زۇمرەت پارا ئېلىش كويىدا يۈرمەكتە.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، پۈرچاق مايسىلىرى تاۋلىنىپ تۇرغان يېشىل دالىغا كۆز تىكتى.

«تاغىستان» دا قارا بۇغداي، پۈرچاق، ئارپا، قىچا قاتارلىق زىرائەتلەر پىشىدۇ، يەنە كېلىپ بىر قېتىم پىشىدۇ. قايسى بىر يىلى

بيۇروكرات ئەمەلدارلار دېھقانلارنىڭ يەرلىرىگە بۇ يەرنىڭ ھاۋا ئىقلى-
مى بىلەن قىلچىمۇ ماسلىشالمايدىغان بىر زىرائەتنى سۇلياۋ ياپقۇ-
زۇپ تەرگۈزۈۋېدى، ئېتىز - يەرلەر مەھسۇلات بەرمەي، سۇلياۋنىڭ تې-
گىدە سېسىپ يېتىۋەردى. كۆزدە جىمى جاھاننى سۇلياۋ قاپلاپ
كەتتى. كۆز شامىلى چىقىپ، يىرتىق سۇلياۋلار بۇلۇت بىلەن
ئاسمان تالىشىۋاتقاندەك، ھاۋادا لەيلەپ يۈردى.

ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، يىراقتىكى بىر دەشتە مەقبەرىگە
ئوخشاش سۈكۈتكە چۆمگەن قۇرۇلۇشقا نەزەر سالدى.

ئۇ، ئاتالمىش «چامغۇر زاۋۇتى». ئۇ، بۇ يەردە بىر مەھەل ئەۋج
ئالغان «چامغۇر ھەرىكىتى» نىڭ شاھىدى. سەرۋەرلەر تېرىقچىلىق
قۇرۇلمىسىنى تەڭشەيمىز دەپ، دېھقانلارغا زور كۆلەملىك چامغۇر
تېرىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. يەرلەر چامغۇرزارلىققا ئايلىنىپ
كەتتى. «چامغۇر تېرىپ باي بولۇش» تىن ئىبارەت بۇ شوئار ئۈزۈل-
مەي ياڭراپ تۇراتتى.

دېھقانلار چامغۇر مەھسۇلاتلىرىنى يۈك ئاپتوموبىلى، تىراكتور
بىلەن يىراق - يىراقلاردىن ئەنە شۇ «زاۋۇت»قا توشۇپ ئەكىلىپ،
ئۆتكۈزەتتى - دە، ئازراق چاي پۇلىغا ئېرىشىۋالاتتى. ئەسلىدىنلا
نامرات بولغان بىر قىسىم دېھقانلار زىيىنى بار، ئۈنۈمى يوق چامغۇر
تېرىقچىلىقى ياكى مەجبۇرىيەت تېرىقچىلىقى بىلەن تېخىمۇ نامرات-
لىشىپ كەتكەنىدى. بىر تۇل ئايالنىڭ چامغۇر تېرىش ۋە ئۇنى
پەرۋىش قىلىش ھەلەكچىلىكىدە قىشلىق ئىسسىنىش ئۈچۈن تېزەك
ئوتۇنى يىغىپ تەييارلاشقا ۋاقىت چىقىرالماي، قىش يېقىنلىشىپ
قالغاندا، بىر شەھەرلىك تۇغقىنىدىن بىر قاپ كۆمۈر تىلىگەنلىكىگە

موز تاغ گۆۋاھ! «ئۆمرىدە پۇل يۈزى كۆرۈپ باقمىغان پالانى دېھقان چامغۇر سېتىپ، مانچە پۇل كىرىم قىلدى»... دېگەندەك يالغان - ياۋ- داق، ساختا خەۋەرلەر تاغىستاننى قاپلاپ كەتتى. «چامغۇر لەغمىنى» كۆچەپ تەشۋىق قىلىندى... خەيرىيەت، «چامغۇر دەۋرى»مۇ ئاخىر ئۆتۈپ كەتتى. يەرلەردە ئەلمىساقتىن بۇيان تېرىلىپ كېلىۋاتقان يەرلىك زىرائەتلەر قايتىدىن تېرىلىدىغان بولدى.

«چامغۇر دەۋرى ئاخىرلىشىپ» بىر يىلدىن كېيىن، «چامغۇر زاۋۇتى» تەرەپتىن بىر سېسىق پۇراق كېلىپ، دىماغقا ئۇرۇلۇشقا باش- لىدى. بۇ دەل «ئاجىز زاۋۇت» بىر تەرەپ قىلالمىغاندىن كېيىن، دەشتكە كۆمۈپ قويۇلغان بىھېساب چامغۇر «ئۆلۈكى»نىڭ سېسىق ھىدى ئىدى. مانا بۇ «چامغۇر بوھرانى» نىڭ بەدبۇيى ئىدى!

مۇنۇ ھەزىل قوشاق ئەنە شۇ چاغدىكى «چامغۇر دولقۇنى» نىڭ خاتىرىسى ئىدى:

ئىسراپ قىلىپ ئېتىزنى،
چامغۇر تېرىش كېرەكمۇ؟
سەھەر، چۈشتە ھەم كەچتە،
چامغۇر يېيىش كېرەكمۇ؟

گەپ بار تېخى: «چامغۇر قەبرىگاھى» بولمىش دەشتتىن بىر خىل غەيرىي ئوت ئۈنۈپ چىقتى. ئۇ ئوتنى يېگەن چارۋا - مال شۇئان ئۆلۈپ قالاتتى. بىركۈنى بىراۋنىڭ كۆندۈرۈلگەن كېيىكى ئاشۇ جان- ئالغۇ ئوتنى يەپ ئۆلدى. كېيىك گۆشى دېسە، ئاغزى بۆرىنىڭكىدەك يوغان ئېچىلىپ كېتىدىغان بىر ئاچكۆزمۇ ئۆلۈپ قالدى. «غەيرىي ئوتنى يەپ ئۆلگەن چارۋا - جانىۋارنىڭ گۆشىنى قەتئىي يېمەسلىك

كىرەك!» ـــ دەپ ئاگاھلاندۇرغاندى دەشت مۇئەككىلى.

ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھە، ئۇ لالما ئىت ئوخشايدۇ. ئاقتاز كۈچۈكى ئورۇنسىز ھاۋشىمايدۇ. ناچار ئىتلار يالغاندىن ھاۋشىيدۇ، ئۆزىچە غالجىرلىشىدۇ، بۇنداق ئىتلار ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى يوقىتىپ، ياتلىشىپ، بۆرە-نىڭ ياۋۇز تەبىئىتىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، قوي ـ چارۋىلارنى تالاپ يە-ۋېتىشىدۇ. بۇ جايدا ھەقىقەتەن ئەنە شۇنداق بۆرىسىمان ئىتلار بار. ھەزىلكەشلەر بۇنداق ئىتلارنى «لۈكچەك ئىتلار» دەپمۇ ئاتىشىدىكەن. ئاقتاز كۈچۈكى غالجىرلاشمايدۇ. ئەمما، بىر ئىشقا مەن ھەيرانكى، مەندىن ئاقتاز كۈچۈكى پارا ئالغان ھېلىقى ئەمەلدار «قىممەتلىك» كۈچۈكىنىڭ گۆشىدە شورپا قايىنىتىپ ئىچىپتىكەن، توساتتىن غالجىر-لىشىپ، ئىشخانىسىغا بىرەر ئىش ئۈچۈن كىرىدىغانلارنى «ھاۋ!» قى-لىپلا چىشلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ! مۇنبەردە توختىماي قاۋاپ، تۆۋەندە ئولتۇرغانلارنى بىزار قىلىۋېتىدىكەن. ئۇ ئەمەلدار ئەسلىي قاناتلىق ئىتقا ئايلىنىپ قالسا بولاتتى! بىچارە ئالدىنىپ قالدى ـ دە!

دەرۋەقە، مەن ئۇنى ئالداپ قويغاندىم. ئۇ پارا ئېلىشنىڭ ئەپچىل تەدبىرى بويىچە ماڭا «سوۋغا ـ سالام» دەستۇرىنىڭ خالىغان بېتىنى ئاچقۇزدى. كىم بىلسۇن، مەن ئاچقان بەتتە دەل ئاقتاز كۈچۈ-كىنىڭ ئىسمى بار ئىدى. تەدبىركار ئەمەلدار «ھاجىتىم راۋا بولسۇن دېسەڭ، ‹دەستۇر› نىڭ سەن ئاچقان بېتىدە ئىسمى بار نەرسىنى تېپىپ بەر» دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن مەندە نېمە ئامال؟ كونا قور-غاندا كۈچۈكلىگەن بىر لالما قانجۇقنىڭ كۈچۈكىنى ئاپىرىپ، ئۇ

ئەمەلدارغا ھەدىيە قىلىۋەتتىم! بۇ جەھەتتە، مەن ئۆزۈمنى بىر گۇناھ-كار دەپ سانايمەن. چۈنكى مەن بىر ئادەمنى بىر «سوۋغات» بىلەنلا ئىتقا ئايلاندۇرۇپ قويدۇم، يەنە كېلىپ ئادەم چىشلەيدىغان ناچار، غالجىر ئىتقا...

ئاقتاز قېرىغاندا كۆچۈك تۇغىدۇ. ئاقتاز كۆچۈكى قەيەردىدۇ؟ ئۇ ئاسمانغا قارىدى، ئاقتاز ( قۇش )كۆرۈنمەيتتى. شۇ ئەسنادا بىر ئىت ھاۋشىغىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى. بۇ ئىت ھېلىقى پارىخور ئەمەلدارغا ئاقتاز كۆچۈكى نامىدا ھەدىيە قىلىنغان كۆچۈكنىڭ غالجىر ئانىسى ئىدى. غالجىر قانجۇقنىڭ غالجىرانە ھاۋ-شىغان ئاۋازى بىلەن ئادەمنىڭ نالە ـ پەريادى قوشۇلۇپ، يىراقلارغا تاراپ كەتتى.

# كونا ئۆي

(ھېكايە)

مەن مازار ـ قەبرە بار ساي دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، كەنتنىڭ كىندىكىدىن ئورۇن ئالغان كونا تاش ئۆيگە ئۇزاققىچە زوقلىنىپ قاراپ كەتتىم. بىر شائىر ئۆزى تۇغۇلغان كونا ئۆينى ئەسلەپ مۇنداق بىر نەزمە يازغانىكەن:

ئاۋۇ كەنتتە بار ئىدى ئۆيۈم،
پەخرىم ئىدى بەش تال تۇۋرۇكۇم.
شور ئوچاقتىن چىققان تۈتۈننى،
سۈمۈرەتتى ئۈچ ۋاق تۈڭلۈكۈم.
نورۇز كېلىپ، تورۇس ـ لىملارنى،
تازىلايتتى چوكان ـ ئايالجان.
ئېچىلاتتى ئاپئاق «تام گۈلى»،
قۇت تىلەيتتى بابا ـ نورۇزخان.

كونا ئۆي مېنى بارا ـ بارا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.
داۋاملىق ھەرىكەت قىلىپ تۇرغانلىقتىن ئىلگۈجەكلىرى چى-

-رماي كېلىۋاتقان ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، كۇنج ① ئارقىلىق ئۆيگە كىردىم ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ «خوش ئامەدى» دېگەن سۆزىگە جاۋابەن «بارىكاللا»دېۋېتىپ، ئۆينىڭ ئىچىگە بىر قۇر سەپ سېلىپ چىقتىم.

— بەش تۇۋرۇك ئىچىدە بىرى «شاھ تۇۋرۇك» بولۇپ، ئۇ مۇھەم-مەد پەيغەمبەرگە، قالغان تۆت تۇۋرۇك بولسا، ئەلى، بۇۋى فاتىمە زەرا، ھەسەن، ھۇسەنگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئوچاق — ئۆينىڭ يۈرىكى، يۇمىلاق تۇۋرۇك ئۆينىڭ ئۆپكىسى، «ئايرۇ» ئۆينىڭ قورسىقى، ئۆينىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بىلەن «ئايرۇ» نى ئايرىپ تۇرغان ئاۋۇ ئىككى تام بولسا ئۆينىڭ مۇرىسى، — دەپ چۈشەندۈردى كونا ئۆينىڭ پىشقەدەم ئىگىسى.

پىشقەدەم ئۆي ئىگىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۆيدە زەردامە-ن ئىسمىلىك بىر پەرىزات بار ئىكەن. ئۇ، ئۆي ئىگىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەندە «شاھ تۇۋرۇك» نىڭ يېرىقچىسىدىن چىقىپ، ئۆينى تازىلاپ، قازان - قومۇچنى يۇيۇپ، خېمىر يۇغۇرۇپ، نان يېقىپ، ئېيتاۋۇر، ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى قىلىپ بولۇپ يەنە تۇۋرۇكنىڭ يېرىقچىسىغا مۆكۈۋالىدىكەن.

مەن «ئايرۇ» غا خىيالەن كۆز تىكتىم. جەۋزا تۈپىنىڭ ئاخىرى بولسا كېرەك، تۇنجى قېتىم ئۇيۇتۇلغان كۇنى مەن ئاۋۇ تېرە قوشۇق-داندىكى ياغاچ قوشۇقنى ئېلىپ، قېتىق ئىچتىم. «قېتىق - گەنجى مىرزا، كىتاب گەنجى دانا، قېتىق تۆكۈلمىسۇن، كىتاب يىرتىلمى-سۇن،» — دېدى بوۋام مەن باياتىن ئوقۇپ، تۆرگە تاشلاپ قويغان كى-تابنى كەشتىلىك كىتاب قېپىغا سېلىپ قويۇۋېتىپ.

---

① كۇنج — كارىدورچە

مەن قېتىق ئىچىۋېتىپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

شۇ كۈنى ئاخشىمى «شاھ تۇۋرۇك»نىڭ لىمغا يېقىنراق يېرىگە بېكىتىلگەن ياغاچ چىراغپايدا يېنىپ تۇرغان كىرسىن چىراغنىڭ يورۇقىدا گەنجى دانا دېگەن كىتابتىن «شىراقنامە» ناملىق چۆچەكنى ئوقۇدۇم. سەيلىگاھ ئەلار ئوتلىقىدا بىر جۈپ ئوغۇل ـ قىز كالا باقىدىكەن. ئەلار ئوتلىقىغا يېقىن بولغان «فەرھاد ئۆستىڭى» چۆچەك سۆزلەيدىكەن، ياپپېشىل دالا زوقلىنىپ ئاڭلايدىكەن. ئاردىن ئاي، يىل ئۆتۈپ تەقدىر ئۆزگىرىدىكەن. ئوغۇل يىراققا ئوقۇشقا ماڭىدىكەن، «قىز بالىغا ئوقۇش پەرز ئەمەس» دېگەن گەپ تام بولۇپ قىزنىڭ يولىنى توسۇۋالىدىكەن. قىزنىڭ ئىسمى مېھرانە، ئوغۇلنىڭ ئىسمى شىراق ئىكەن.

ھۆسنىگە تولغان قىز مېھرانەنىڭ بېشىغا مەجبۇرەن «ياغلىق» چېگىلىپتۇ. نىكاھقا مەجبۇرلانغان، قازناققا سولانغان قىزنىڭ كۆزلىرىدىن نادامەت ياشلىرى مۆلدۈر بولۇپ تۆكۈلۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا تۇڭلۇكنىڭ لېۋىگە تەدبىركار مۈرغى زەرىن كېلىپ قونۇپتۇ. ئۇ چارە ـ تەدبىر قىلغاچقا، دۇختەرجان زەنجىردىن قۇتۇلۇپتۇ ۋە يىراققا قاراپ يول ئاپتۇ. يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ ئاخىرى كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپتۇ. شىراق: «ئاھ، مېھرانە...» دەپ قۇچاق ئېچىپتۇ. ۋىسالدىن «تاشقورغان دەرياسى» مەۋج ئۇرۇپتۇ.

شىراق ئۇستا تېۋىپ ئىكەن، بەنەفشە، سەدبەرگ، كەيكىمىۇ گۈللىرىدىن دورا ياسايدىكەن. ئۇ بىمار ـ بىتاپقا غەمگۇزار بولغاچقا، شەنىگە غەزەلخان جامىنىڭ راۋابى سايرايدىكەن. مېھرانە كەشتىچى ئىكەن، ئۇنىڭ قولىدا كەشتىلەنگەن سىپتا «شەيدائى دوپپا» ئاسماندا

كەشتىلىك ئاي بولۇپ چاقنايدىكەن.

كوھىقاپ تەرەپتىن زور بوران چىقىپ، جاي ـ جاھان گۆركەبى قاراڭغۇلىشىپتۇ. بورانغا ياندىشىپ بەد ـ نەسلەر قۇترىشىپتۇ. شىراق «بىمارنى زەھەرلىك گۈل ـ گىياھ دورىسى بىلەن قەستەن ئۆلتۈرۈپ قويدى» دېگەن تۆھمەتكە دۇچار بوپتۇ ۋە ئۇزۇن يىل رىيازەت چېكىپ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ. پەرىزات تېغى باغرىدىن «شىراقنىڭ ئۆلۈمىگە لەنەتكار تۆھمەتخور سەۋەبچى بولدى» دېگەن سادا چىقىپتۇ. تېۋىپ شىراقنىڭ دوستلىرى چوپانلار «فەلەك» تۈۋلىشىپتۇ، ئۇلايلار، كەكلىكلەر مۇڭلۇق سايرىشىپتۇ، كۆكتە چولپان يۇلتۇزى يىغلاپتۇ.

ئەلقىسسە، ساي دۆڭدىن بىر قەبرە مازار ئورۇن ئاپتۇ. مېھرانە مازاردا چىراغ يېقىپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئېرى شىراقنىڭ قېشىغا كېتىپتۇ...

مېنىڭ تويۇم مۇشۇ ئۆيدە بولغان، ــ دېدى ئۆينىڭ ئىگىسى شادىيانە كۈلۈمسىرەپ ۋە، ــ توي ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا، خۇشال ـ خورام ئۆتكۈزۈلگەنىدى، ــ دەپ قوشۇپ قويدى.

شۇ ئەسنادا غايىبتىن داپ ۋە سۆڭەك نەي ئاۋازى ياڭرىدى. لەڭگەر ( چوڭ ئۆي )دە كەچلىك توي مەشرىپى ئۆتكۈزۈلمەكتە. دەلى، قۇمرى، لۇنجىك، ئازارە قاتارلىق غەزەلخانلار بەس ـ بەستە بېيىت، تەرانە ئېيتىشىپ، مەشرەپنى جانلاندۇرۇۋېتىشتى. ئەتىسى چەۋەندازلار ئوغلاق تارتىشتى...

ــ بۇ ئۆي ھەممىگە شاھىد، ــ دېدى ئۆينىڭ ئىگىسى خورسىنىپ قويۇپ.

— هازىر بۇنداق ئۆيلەر ئاساسەن قالمىدى، — دېدىم مەن، — بۇنداق ئۆيلەرنى قوغداش كېرەك!

— سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن مېنىڭ نەۋرەم بۇ ئۆينى ئەسكى ئۆي دەپ ياراتماي خوتۇنى بىلەن شەھەرىستانغا بېرىپ ئۆي تۇتتى. لېكىن مەن بۇ ئۆينى ئۆلگۈچە قوغدايمەن. بۇ ئۆيدە شاھى دارانىڭ لەشكىرىنى پەم - پاراسەت بىلەن مەغلۇپ قىلىپ، تۇپرىقىنى، خەلقىنى بالايى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بابا كەلان شىراقنىڭ ئەۋلادى — ئوغلۇم شىراقنىڭ پۇرىقى بار، نۇرغۇن نەرسىنىڭ ھىدى بار! — دېدى ئۆينىڭ ئىگىسى ھەسرەتلىنىپ ۋە يەنە ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

—كونا ئۆي بىلەن بىللە نۇرغۇن نەرسە يوقاپ كەتتى. كونا - ئەسكىمىش! پەرىزات زەردامەن بار بۇ ئۆينىڭ قىممىتى زەر!...

شۇ ئەسنادا غايىبتىن مۇنۇ سادالار ئاڭلاندى:

قېنى، قىزىل پۆپۈكلۈك چورۇق،
قېنى ئايال كۆركى — بەلپەرتۇق؟

قېنى بەلباغ — ئېسىل قۇرپوتا؟
ھەي، يوقاتتى ئۇنى تاغ ئاتا.
قېنى كىتاب قېپى — «قۇرئاندان»
گۇم ئەيلىدى ئۇنى كىتابخان.
ئەي ساھىبخان، ئەي يېڭى چوكان،
قېنى تەڭنە، تېرە قوشۇقدان؟

قېنى جوپ نەي قېپى، داپ قېپى،
كەشتىلەنگەن ئۆز راۋاپ قېپى؟
قېنى يىگىت تونى ــ چەكمەن تون؟
قېنى ئېسىل، ئەنئەنە ــ يوسۇن؟!...

قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە بۇ سادالار ياڭراپ تۇرۇۋاتقان كۆنلەرنىڭ بىرىدە «كونا ئۆيلەرنى چېقىشقا بولمايدۇ. كونا ئۆيلەرنى قوغداپ ساقلاپ قالغانلار مۇكاپاتلىنىدۇ» دېگەن خەۋەر ساي دۆڭنى خۇشاللىققا چۆمدۈردى. مەنمۇ ساي دۆڭنىڭ خۇشاللىقىغا جۆر بولغان ھالدا، قەدىمكى ئۇسلۇبتىكى قەبرە ( مازار) نى يەنە بىر قېتىم تاۋاپ قىلدىم.

دەرۋەقە، كونا ئۆينىڭ ئىگىسى «مىراس ۋەكىلى» بولۇپ تاللىنىپ ئالتە مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى ۋە كونا ئۆي «ساياھەت ئۆيى» قىلىپ بېكىتىلدى. ئاسماندا يۇلتۇزنىڭ چاقنىشى بىلەن تەڭ ساي دۆڭدىكى قەبرە مازاردا چىراغ ياندى!

# قەدەمنامە

(ھېكايە)

ئۆچەيسىمان، ئۆزۈن جىلغا، ئۆزۈن سەپەر.

— بۇ جىلغا بىر مەدەنىستانغا تۇتىشىدۇ. مەن ئاشۇ مەدەنىستانـنى كۆزلەپ ماڭدىم. ئىشەنچىم كامىلكى مەن مەدەن كانىغا ئېرىشىمەن! — دېدى پوستەكچى ھۆنەرۋەن.

— بۇ جىلغا باغقا تۇتىشىدۇ. مەن ئاشۇ باغنى كۆزلەپ ماڭدىم. ئەتە كاتتا باغنىڭ ئىگىسى بولىمەن. ئەمدى يەر تېرىمايمەن، — دېدى دېھقان تاغا.

— بۇ جىلغا مەنسەپ سودىسى قىلىشىدىغان مەنسەپ بازىرىغا تۇتىشىدۇ. مەن چوڭ مەنسەپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاشۇ بازارنى كۆزلەپ ماڭدىم، — دېدى مەنسەپپەرەس ئەپەندى.

- بۇ جىلغا كېيىك - ئاھۇ ماكانىغا تۇتىشىدۇ. مەن ئاشۇ ئاھۇ ماكانىنى كۆزلەپ ماڭدىم. كېيىك بالىسىنى تۇتۇپ ئۇنى كۆندۈرۈۋالىمەن؛ پەرىشتە بولۇپ، خۇدانىڭ چارۋىسى — كېيىكلەرنى باقىمەن، خۇدانىڭ چارۋىچىسى بولىمەن! — دېدى «ئالتۇن قوتاز» لەقەملىك پىشقەدەم قوتازچى.

ـ بۇ جىلغا بازارغا تۇتاشقان. مەن ئاشۇ بازارنى كۆزلەپ ماڭدىم. باي تاجىرغا ياللىنىپ مەدىكار بولۇپ ئىشلەيمەن؛ ئەمدى قوچقار باقـ ـمايمەن، ـ دېدى قوچقارباي.

ـ بۇ جىلغا چاكاندا زىچ ئۆسكەن دەشتكە تۇتىشىدۇ. مەن ئاشۇ چاكاندا دەشتىنى كۆزلەپ ماڭدىم. چاكاندىدىن ناسىۋال ياساپ ناسىۋالكەشلەرگە ساتىمەن، ـ دېدى بىكارتەلەپ مىشچان يىگىت.

ـ بۇ جىلغا ياۋا ئېشەكلەر دۇنياسىغا تۇتىشىدۇ. مەن ئاشۇ دۇنياـ نى كۆزلەپ ماڭدىم. ياۋا ئېشەكلەرنى كۆندۈرۈپ، ئېشەك چارۋىسى بەرپا قىلىمەن!ـ دېدى تەجرىبىلىك ئەسپشۇناس① قىران چەۋەنداز.

ـ بۇ جىلغا مۇھەببەت سۈيى شارقىراپ ئاقىدىغان «فەرھاد ئۆسـ تەڭى» گە تۇتىشىدۇ. مەن «فەرھاد ئۆستەڭى» نىڭ خاس مىرابى بولـ ـمەن، ـ دېدى هاراقكەش ئاشىق دەلدەڭشىپ مېڭىۋېتىپ.

ـ بۇ جىلغا «ناخشا دىيارى» غا تۇتىشىدۇ. مەن ئاشۇ دىيارنى كۆزلەپ ماڭدىم. داڭلىق غەزەلخان ـ ئەندەلىپ بولۇپ ئۆمۈربويى خەندان ئۇرۇپ سايرايمەن، ـ دېدى كۇنىنى ئالا ـ تاغىل ناخشا توۋلاش بىلەن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان لايغەزەل ئوغلان.

ـ بۇ جىلغا شېئىرىيەت بوستانىغا تۇتاشقان. مەن ئاشۇ بوستانـ ـنى كۆزلەپ ماڭدىم. بوستان شائىرى بولۇپ تونۇلىمەن؛ ئەمدى بۇ تاغىستاندا شېئىر يېزىپ يۈرمەيمەن، ـ دېدى قەلەمشاھ ئىسىملىك كۆرەڭ شېئىر ھەۋەسكارى.

ـ بۇ جىلغا باي ـ پۇلدار ئەرلەر يايراپ ياشايدىغان جايغا تۇتىشىـ ـدۇ. مەن ئېرىم بىلەن ئاجرىشىپ، ئىككى بالامدىن ۋاز كېچىپ، ئاشۇ

---

① ئەسپشۇناس ـ كۈلۈك ئات يېتىشتۈرگۈچى.

جاينى كۆزلەپ ماڭدىم. باي ئەر بىلەن توي قىلىپ، باي خوتۇن بولۇپ ياشايمەن! ـــــ دېدى قەلەمقاش چوكان.

***

ئۇزۇن سەپەر ئاخىرلاشتى. ئېگىز «مۇز دىۋار »ئالدىدا قەدەملەر چىپپىدە توختاپ قېلىشتى.

روھان ـ خىيالەن سەپەر قىلىشقان كىشىلەر تەڭلا:

ـ قار ـ مۇز ؟! ـ دېيىشتى مەغلۇبانە ھېسسىيات بىلەن.

شۇ چاغدا شېئىر ھەۋەسكارى قەلەمشاھ قارغا مۇنداق بىر نەزمە يېزىپ قالدۇردى:

تار، ئۇزۇن جىلغىنى بويلاپ ماڭدۇق بىز،
ئۆزئارا بەسلىشىپ، تالىشىپ سۈرئەت.
مۇز داۋان ئالدىدا توختىدى قەدەم،
قارلارغا كۆمۈلدى ۋاقىت ۋە قۇۋۋەت.

# تۇمانلىق جىلغا

(ھېكايە)

ئۇ ئۆيلىنىپ، يېرىم يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن باشقا بىرى بىلەن تېپىشىپ قالغانىدى. بۇ ئىشنى ئۇ ئايالىدىن قاتتىق سىر تۇتۇپ يۈرەتتى.

— گۈلبىتە، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئايالىغا، — «قۇلان جىلغىسى»دا بىر مالچى ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇنى داۋالاش ۋەزىپىسىنى دوختۇرخانا باشلىقى ماڭا تاپشۇردى.

— گۈلئەلى، ئەمىسە ئاتنى توقۇپ ھازىرلا يولغا چىق، — دېدى تۆرنىڭ لېۋىدە كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان ساددا، ئاق كۆڭۈل گۈلبىتە.

— ياق، ھازىر ئەمەس، ئەتە سەھەردە، ھازىر چىقىپ ئاتنى تاقىلايمەن، — دېدى گۈلئەلى ۋە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

گۈلبىتە يىڭنە - يىپلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، باشقا ئىشقا تۇتۇندى.

كېچىچە ئەگمە قاشلىق، قارا كۆزلۈك، چېچىغا مەرۋايىت سەدەپلەر تىزىلغان چوكانىنى چۈشەپ چىققان گۈلئەلى باش توخۇ بىلەن

تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋۋال ئىتىنى توقۇدى. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ، چوكانغا ئاتاپ ئالغان سوۋغاتلار قاچىلانغان دوختۇرلۇق سومكىسىنى ئالدى ـ دە، ئەمدىلا كىيىنىۋاتقان ئايالىنىڭ «ناشتا قىلمامسەن؟» دېگەن سۆزىگە «ياق» دەپ جاۋاب بېرىپلا ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

گۇلبىتە ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىنىپ، تۇنۇگۇن ئېرى ئات تاقىلاپ تۇرغان چاغدا پىشۇرۇپ نان ئىشكاپىغا سېلىپ قويغان كۆمەچنى ئېلىپ ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن تالاغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئەمما، ئېرى قامچىسىنى ئوينىتىپ قۇيۇندەك چېپىپ كېتىپ باراتتى. گۇلبىتە ياغلىققا ئورالغان كۆمەچنى تۇتقىنىچە ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن بىر ھازا قاراپ تۇردى.

تۆت سائەتلىك يولنى ئاجايىپ تاتلىق خىياللار بىلەن تېز بېسىپ تۈگەتكەن گۇلئەلى چۈشتىن ئاۋۋال «قۇلان جىلغىسى»غا يېتىپ كەلدى. «دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىم، ساھىبجامال چوكاننىڭ پادىچى ئېرى بىلەن بالىلىرى مۇشۇ تاپتا كەپىدىن يىراقتا، قوي ـ قوزىلار ئوتلايدىغان جىرا قاپتاللاردا مال بېقىۋاتىدۇ. كەپىدە چوكان ئۆزى يالغۇز. چۈش بولۇپ قوي پادىلار قورۇغا كىرىپ بولغۇچە ئارامخۇدا بىللە بولىمىز» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

بىراق، مەنزىلگە «دەل ۋاقتىدا» يېتىپ كەلگىنىدىن ئۆزىچە خۇش بولۇپ كەتكەن گۇلئەلى كەپە ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىكنىڭ سىرتىدىن قۇلۇپلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا كەيپى ئۇچتى. ئەسلىدە بۇ باش ئەتىياز مەزگىلى بولۇپ، مالچىلار قىشتا مال باقىدىغان بۇ جىلغىدىن ئاللىقاچان يازلىق يايلاققا كۆچۈپ كەتـ كەنىدى. گۇلئەلى بۇ ئىشنى ئەمدى ئويلاپ يەتتى بولغاي، «ئەتتەڭەي»

دىگىنىچە پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ، ئارقىسىغا ياندى.

ئۇ ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بۇ جىلغىنى ئۇزۇلۇپ قالغان يېرىگىچە پىيادە دىگۇدەك بېسىپ كېلىپ، باشقا كەپىلەرنىڭمۇ تاشلاندۇق ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن يەنە ھېلىقى كەپە بار جايغا قايتىپ كەلدى. ئۇ تاشقا باغلاقلىق ئېتىغا يۆلىنىپ، بىر قولى بىلەن ئېگەرنىڭ بېشىغا ئېسىلغىنىچە خىيالغا پاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە بۇنىڭدىن بىرقانچە ئاي بۇرۇن بولۇشقان مۇنۇ ئىلتىجا ھەم ۋەدىلەر قايتا ياڭرىغاندەك بولدى:

— گۇلئەلى، مېنى ئۇنتۇپ قالما، بىرەر باھانە تېپىپ، «قۇلان جىلغىسى»غا كېلىپ تۇرغىن.

— سېنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن قەلەمقاشىم، «قۇلان جىلغىسى» ھازىردىن باشلاپ مېنىڭ قىبلىگاھىم.

— مە، ماۋۇ بىرنەچچە تال چېچىم بىلەن مېنى ياد ئېتىپ تۇر.

— چاچ ئەمەس، تۇتىيا دىگىن!...

گۇلئەلى شېرىن خىيال دۇنياسىدا ئۇزۇۋېتىپ، بىردىنلا قورسىقىنىڭ قاتتىق ئېچىپ ماغدۇرسىزلانغىنىدىن، بېشىنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى سەزدى. «ئاپلا، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — ئەتىگەن يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال نېمىشقىمۇ ناشتا قىلمىغان بولغىيدىم؟ ھېچ بولمىسا ماۋۇ دوختۇرلۇق سومكامغا بىرەر نان سېلىپ قويغان بولسام بولماسمىدى؟ ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئازراق كۈتۈپ تۇرۇش كېرەكمۇ ـ يا؟ قاياققىلا بارسا تۆت سائەتتىن ئارتۇق يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ».

ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. قانداق قىلارىنى بىلمەي تۇرغان

گۈلئەلى تېخىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى. تېخى تۈنۈگۈنلا ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز ئېلىپ، چاچلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ ئۆزىگە باشقىچە تۇس بەرگەن بۇ نەۋقىران ئەمدىلىكتە ئۆزىنى قېرىپ كەتكەن، ماغدۇرسىز، سولغۇن بوۋايدەك سەزمەكتە ئىدى. ئۇ مۇساپىرلارچە بوينىنى قىسىپ، ھېلىقى كەپىگە قاراپ قوياتتى. ھالبۇكى، ئۇ ھازىر بۇ كەپىدىن «ساھىبجامال چوكان»نى ئەمەس، بەلكى نان، ئېرىمچىك دېگەندەك قورساق ئاچلىقىغا دالدا بولالىغۇدەك نەرسىلەرنى تەلەپ قىلاتتى. تەمەگەرلىك بىلەن خىيال سۈرۈش، تېڭىرقاش، بىھۇدە كۈتۈپ تۇرۇشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. ئۇنىڭ قورسىقى تېخىمۇ ئېچىپ كەتتى. باشىنىڭ قېيىشىغا سىرقىراپ ئاغرىش قوشۇلدى. «ئاھ خۇدا، نەس باستىمۇ - نېمە؟» دەپ پىچىرلىدى ئۇ. ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇ تاپتا بىر يۇرۇش قورقۇنچلۇق ئوي - خىياللار ئۇزۇپ يۈرمەكتە ئىدى: «جىن جىلغىسى» دا قاراڭغۇلۇقتا يالغۇز ئاتلىق يول يۈرگەن بىراۋنىڭ ئارقىسىغا جىن كېلىپ مىنگىشىۋالغانمىش... يەنە كىمدۇر بىرى باياۋاندا لەشكىرى غايىبنىڭ① قورشاۋىدا قېلىپ...»

بىر يوغان سايە جىلغا ئىچىگە تاشلىنىپ، گۈلئەلىنىڭ دىققىتىنى كۆككە قاراتتى. قۇياش كۆرۈنمەيتتى. ئاسمان بوشلۇقىغا قارا بۇلۇتلار يىغىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ ئالامەتنى كۆرگەن گۈلئەلى چۆچۈپ كەتتى. ئەمدى كۈتۈپ تۇرۇۋېرىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى

---

① لەشكىرى غايىب — ئەل ئىچىدىكى چۈشەنچە بويىچە قورال-لىق جىن پەرىلەر توپى.

يوقلۇقىنى ئويلاپ، دەرھال ماغدۇرسىز پۇتىنى ئۈزەڭگىگە ئېلىپ، ئىزىلەڭگۈ گەۋدىسىنى ئاتقا ئارتىۋالدى.

دالا - جىلغىلارغا قارا تۇمانلار تىقىلغان بولۇپ، باش ئەتىيازنىڭ يامغۇرى سۇدەك قۇيۇلماقتا. باش قېيىپ ئاغرىشقا، چىدىغۇسىز قورساق ئاچلىقىغا مۇپتىلا بولغان بىر ئاتلىق ئادەم تۇمانلىق جىلغىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ كېتىپ باراتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ يولدىن ئېزىپ قالغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى.

گۇگۇم رەڭگىگە بويىلىۋاتقان كىچىك كەنتىنىڭ چېتىدىكى تاشلىق ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىر گەۋدە غۇۋا كۆرۈنمەكتە. ئۇ، ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى ئۈچ كۈن بولغان ئېرىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان بىر ئايال ئىدى...

# مۇئەللىمجان

(ھېكايە)

مەن «دوستلۇق يولى» بويىدىكى قەبرىستانلىقتا ئۇستىگە ئۈچ دانە خىش بىلەن قاختا ( راۋاقچە ) ياساپ چىقىرىلغان قەبرىنى تاۋاپ قىلدىم. بۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ قەبرىسى ئىدى.

ئۇنى ھەممە «مۇئەللىمجان» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ بىر ئۆمۈر چىن دىلىدىن سۆيگەن دەرس مۇنبىرىدە يېرىم ئەسىرلىك ھاياتى بىلەن...

تاشقورغان شائىرى مۇئەللىمجاننىڭ ئۇلۇغ ئۆلۈمىگە ئاتاپ:

تاشقورغان يۇلتۇزى ئۇچۇپ ناگاھان،

بىر كېچە شام بىلەن بولدى ھەمقەبرە.

ئەتىسى قوينىدا چاقناتتى ئۇنى

شەپەقتىن قۇرۇلغان ئۇچار مەقبەرە... دەپ يازغانىدى.

قەبرە راۋاقچىسى چوڭ ئاق راۋاقتا ئاندىن ئۇچار مەقبەرىگە ئۆز-گەردى، خىيالىم ئۇچار مەقبەرە بىلەن بىللە ئاسماندا پەرۋاز ئەيلىدى.

تەقدىرنىڭ كاجلىقىدىن ياخشى ئوقۇپمۇ بىرەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا نائىل بولالمىغان قىرانە قىز 1980 ـ يىلى تاجىك شائىرى

ئىسھاق ئازارەنىڭ يۇرتى بەلدىر يېزىسىدا بىر يىل خەلق ئوقۇتقۇچى-
سى بولۇپ ئىشلىدى. 1981 ـ يىلى تەشكىلنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى
بىلەن قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا
كىرىپ بىلىم ئاشۇردى. 1984 ـ يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ۋەچە،
تەھگەرمى يېزىلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش يىل باشلانغۇچ
مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن شۇغلاندى. 1989 ـ يىلىغا كەلگەندە،
شەھەرىستاندىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەپ كېلىندى. بۇ مەكتەپ
تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى گەۋدە قىلغان، تاشقورغاندىكى
بىردىنبىر مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ، شۇنداقلا پۈتكۈل تاجىك مائارى-
پىنىڭ مۇھىم بازىسى ئىدى. مۇئەللىمجان بۇ مەكتەپنىڭ بوسۇغى-
سىدىن كىرگەن كۈندىن باشلاپ تولۇقسىز سىنىپلارغا ماتېماتىكا
دەرسى بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى ھەمدە بۇ ۋەزىپىنى
ياخشى ئورۇنلاش ئۈچۈن بىلىنى چىڭ باغلاپ، دادىللىق بىلەن ئىش-
لەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بىرتەرەپتىن ئۆز كۈچىگە تايانسا، يەنە
بىر تەرەپتىن پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارغا تاياندى. ئۇلارنى ئۈلگە
قىلدى. بوش ۋاقىتلىرىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئىلگىرى ئۆگەنگەن بى-
لىملىرىنى قايتا تەكرارلىدى. تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسى-
نى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش مىتودى جەھەتتىكى كەم تەرەپلىرىنى
تولۇقلىدى. ئۇ، دەرس مەزمۇنىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنۇملۇك يەتكۈ-
زۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم
ھالقىلىرى ( كونسېپىك تۈزۈش، ئېغىزچە سىناق ئېلىش، تاپشۇرۇق
بېرىش ۋە تەكشۈرۈش ) نى چىڭ تۇتتى. دەرس مەزمۇنىدىكى قىيىن
ۋە مۇھىم نۇقتىلار ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، ئوقۇغۇچىلار-

نىڭ دەرسنى ئوڭاي ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىغا ياخشى ئىمكانىيەت ياراتتى. نەتىجىدە ئۇ دەرس ئۆتكەن تولۇقسىز سىنىپلارنىڭ مەۋسۇملۇق، يىللىق ئىمتىھانلاردا ماتېماتىكىدىن ئالغان ئوتتۇرىچە نومۇرى ئىزچىل تۈردە مەكتەپ چۈشۈرۈپ بەرگەن پىلانغا يەتتى.

كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا، قايناق كەسپىي ئىشتىياققا ئىگە بولغان كىشى ھامان غەلىبە قىلىدۇ. بىر مەزگىل تولۇقسىز سىنىپلارغا دەرس ئۆتۈپ كۆرۈنەرلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلغان مۇئەللىمجان تولۇق سىنىپلارغا دەرس ئۆتۈشكە تەيىنلەندى. بۇ ۋەزىپە مۇئەللىمجاننى ھەر بىر دەقىقىنى ئالتۇندىن قىممەتلىك دەپ بىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا تەقەززا قىلدى. مۇئەللىمجان تەقەززالىق ئىچىدە تەر ئاققۇزۇپ ئىشلىدى. قىيىنچىلىق ۋە جاپادىمۇ پامىر قارغايلىرىدەك مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ھەر قاچان تەلەپنى قاتتىق قويدى. ئۇ سەئىدى شىرازىنىڭ:

«ئۇستاز ـ مۇئەللىم بولسا ياۋاش بەك،
بالىلار كوچىدا ئوينىشار خىرسەك» ①

دېگەن سۆزىنى يادىدىن چىقارمايتتى. تەلەپچان مۇئەللىمجاننى ئاتا ـ ئانىلار قوللايتتى. ئوغلى كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن بىر ئوقۇمۇشلۇق ئاتا مۇئەللىمجانغا مۇنداق بىر سۆزنى ھەدىيە قىلغانىدى:

مۇئەللىمنىڭ تايىقى مەن ئۈچۈن گۈل،
شۇ گۈلنىڭ ھىدى بىلەن مەن بۇلبۇل.

---

① خىرسەك ـــ ئېيىق بالىسىنى دوراپ ئوينايدىغان ئويۇن تۈرى.

مۇئەللىم تايىقى ئاغرىتار بوگون،
شىرۇ مەرد ئەيلەيدۇ ئەتە يا ئۆگون.

مۇئەللىمجان ئەلۋەتتە «تاياق» دېگەن سۆزنى «قاتتىق تەلەپ» دەپ چۈشىنەتتى.

قەبرە راۋاقچىسى كىچىككىنە كونا ئۆيگە ئۆزگەردى.

ئەنە ئاۋۇ مۇئەللىمجاننىڭ كونا ئۆيى، ئۇ مۇشۇ يەرگە نىسبەتەن بىر يادىكارلىق!

تۇرالغۇ ئۆي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن مۇئەللىمجانغا كونىراپ، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كاتەكتەك تار ئىككى ئېغىز ئۆي تەقسىم قىلىنىسمۇ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئۇزاققىچە شۇ ئۆيدە تۇردى. لېكىن ئۇنىڭ خىزمەت پوزىتسىيەسىدە، ئەقىدە ـ ئارزۇسىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇنىڭ روھىي غەزىنىسىدە مىللەت ئۈچۈن قىممەت يارىتىشتىن ئىبارەت غايە چاقناپ تۇردى. مانا بۇ غايە ئۇنىڭ يولىنى تېخىمۇ يورۇتتى. ئۇ نۆۋەت بىلەن دەرس ئۆتكەن تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنىڭ دەس ئۆزلىشىش نىسبىتى 85 پىرسەنتتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ كۆچۈش نىسبىتى 95 پىرسەنتتىن تۆۋەنلىمىدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىسىنى كۆزدە تۇتقان مەكتەپ رەھبەرلىكى، ئۇنىڭغا سىنىپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى. ئۇ، تۆت قارارلىق سىنىپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتتە تەڭ تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەردى. ئۆگىنىشتە ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى داۋاملىق رىغبەتلەندۈرۈش، ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن داۋاملىق سۆزلىشىپ تۇرۇش، زۆرۈر

تېپىلغاندا ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پات ـ پات سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، مەسە-
لىنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ ياخشى ئۆگىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، ئۇلارغا يەنە
ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك كۆيۈندى، مېھرىبانلىق يەتكۈزدى؛ يىراق يېزا ـ
قىشلاقلاردىن كېلىپ ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگە-
نىشتە قاتتىق تەلەپ قويغاندىن باشقا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ۋاقتى ـ
ۋاقتىدا خەۋەر ئېلىپ، قىيىنچىلىقتا قالغانلىرىغا ياردەم قولىنى
سۇندى. ئاغرىپ قالغانلىرىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ داۋالاتتى.
ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، ئۇ باشقۇرغان سىنىپلار «ئۆگە-
نىشتە ئىلغار سىنىپ»، «مەدەنىيەتلىك ـ ئەدەپلىك بولۇش پائالىيە-
تىدىكى ئىلغار سىنىپ» بولۇپ باھالىنىپ مەكتەپ تەرىپىدىن مۇكا-
پاتلاندى.

مۇئەللىمجان كېيىن يەنە ماتېماتىكا ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ
مەسئۇلى بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ جەرياندا، گۇرۇپپىدىكى بارلىق ئوقۇت-
قۇچىلارنى كونسېپىك تەييارلاش، پىلان تۈزۈش، تاپشۇرۇق بېرىش ۋە
تەكشۈرۈش، ئوچۇق دەرس ئۆتۈش، ئۆزئارا دەرس ئاڭلاش قاتارلىق
ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ تەرتىپلىرى بويىچە يېتەكلىدى. دەرس ئۆتۈش
مېتودى كەمچىل بىر قىسىم ياش ئوقۇتقۇچىلارنى داۋاملىق باشقىلار-
نىڭ دەرسىنى ئاڭلاشقا تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ مېتود جەھەتتە تەجرى-
بە ئىگىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. گۇرۇپپا ئەزالىرىغا نىسبە-
تەن مەكتەپ تۈزگەن زۆرۈر قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تەشۋىق قىلىپ،
ئۇلار ئارىسىدىكى ئىش ئورنىدا مۇقىم تۇرماسلىق، بالدۇر قايتىش،
كېچىكىپ دەرسكە كىرىش، خىزمەت ۋاقتىدا ھاراق ئىچىشتەك ئەھ-
ۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. نەتىجىدە، بۇ گۇرۇپپا

كەسپىي ۋە باشقا جەھەتلەردە ئالدىدا مېڭىپ مەكتەپ تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «ئىلغار ئوقۇتۇش گورۇپپىسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلان-دى. ئۇ ئەنە شۇنداق بىر قاتار نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن باشقا، ھەر يىلى «ئىلغار خىزمەتچى»، «شەرەپلىك ئايال باغۋەن»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلغارى» دېگەن ناملارغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلىنىۋاتتى...

بۇ، تاجىك مىللىتىنىڭ «پىلىك بايرىمى» مەزگىلى بولغاچقا، يېقىنلىغان قەبرە پىلىكلىرىنىڭ شولىسى بىلەن مۇئەللىمجاننىڭ نۇرا-نە ھاياتى بىرلىشىپ، قەبرىستان نۇرىستانغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئېيتىلىشچە، «پىلىك بايرىمى» دا ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقى يورۇپ، روشەنلىشىپ، ئۆلگەنلەر بىلەن تىرىكلەر بىر بىرى-نى ئېنىق كۆرەلەيدىكەن.

دەرۋەقە، مەن مۇئەللىمجاننىڭ سىماسىنى كۆردۇم. ئۇ قىرانە قىز دەۋرىگە قايتقان بولۇپ، يارقىن نۇرغا چۆمۈلگەن ئاق راۋاقتىن چىقىپ، ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى.

— مۇئەللىمجان! — دېدىمەن ھاياجانلىنىپ.

— مەن مۇئەللىمجان ئەمەس، مەن پىلىكچى قىز خۇراسان، — دېدى قىز ۋە مەن بىلەن تاجىكچە ( قولۇمنىڭ ئالقىنىنى سۆيۈپ ) كۆرۈشكەندىن كېيىن، كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى.

كېيىن ئۇقسام خۇراسان مۇئەللىمجاننىڭ مەلۇم بىر ئالىي مەك-تەپتە ئوقۇۋاتقان قىزى ئىكەن.

# قەدەم ۋە قەلەم

(مىكرو ھېكايە)

ئۇ، ئېشەكچە رەفتارى يوق قەدىمى ئاستا ئېتىنى «ئاق تۇلپار»، ئۆزىنى بولسا، ئۇستا چەۋەنداز دەپ يۈرەتتى.

مانا بۈگۈن ئۇ «ئاق تۇلپار» نى توختىماي قامچىلاپ، مەغرۇرانە قىياپەتتە، «پەتە① — مۇكاپات ماڭا مەنسۇپ!...» دەپ چۇقان سالغىنىچە، «ئات بەيگىسى» مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىۋاتقان جايغا ئاران ئۇلگۈرۈپ كەلگەنىدى.

«ئات بەيگىسى» مۇسابىقىسى كۈلۈك ئاتلار ۋە پىشقان ئاتۋاز - بەيگىۋازلارنىڭ ئۈزۈپ چىقىپ مۇكاپات — پەتە ئېلىشى بىلەن شۇنداقلا سۆڭىكى قۇرۇق بىر يىلىكسىز ئاتنىڭ مۇسابىقە جەريانىدا يىقىلىپ، ئورنىدىن تۇرالماي ئۆلۈپ قېلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئۇ ئىككىسى ھەمراھ بولۇپ، «شاللانغانلار خىلۋەتگاھى» غا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئىككىسىدىن بىرى ھېلىقى «ئۇستا چەۋەنداز»، يەنە بىرى، بىر تاغار كىتاب يۈدۈۋالغان قەلەم ساھىبى ئىدى.

---

① پەتە — ئات بەيگىسىدە ئۈزۈپ چىققۇچىغا بېرىلىدىغان مۇكاپات.

قەلەم ساھىبى ئۆزى ۋە ھەمراھىنىڭ قىسمىتىنى

سۈرەتلەپ، مۇنداق ھەجۋىيات پارچىسى يازدى:

مەن دوراپ، تەقلىد قىپ يازغان نامە نى،

ياراتماي شالللىدى كىتابخان — بازار.

خام ـ ئاجىز قامچىۋاز يۇدۇپ تۆگەرنى،

پەلەكتىن سورىدى : قېنى «ئاق تۇلپار!؟»

# بادنامە

## (مىكرو ھېكايە)

يېپيېڭى دېھقانچىلىق قورالى — شامالدۇرغۇچنىڭ ياردىمىدە ياغاچ ئارا بىلەن بىمالال خامان سورۇۋاتقان مۆرىتجان قولىنى ئىشتىن توختىتىپ قويۇپ پىرى بۇزۇرۇك خوجا بىلەن قول سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى ۋە پىرىنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىۋېدى، پىرى خاماننى سورۇپ بولالماي يۈرگەنلىكىنى، مۆرىتجاننىڭ شامالدۇرغۇچنى بېرىپ تۇرۇشىنى جىددىي ئۆتۈندى.

— تەقسىر، مۇشۇ سايمان يوق چاغدا مەن سەندىن «بادنامە»① ئوقۇپ تۇمار پۈتۈپ، شامال چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسام، سەن «بولمايدۇ، بادنامە — تۇمار پۈتسەم، قارا بوران چىقىدۇ - دە، بادنامەنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ سۇغا تاشلايدۇ، نەتىجىدە يامغۇر يېغىپ، خامان ھۆل بولۇپ كېتىدۇ، ئىشىڭ سۇغا چىلىشىدۇ» دەپ بىر تاغار باھانە-سەۋەب كۆرسىتىپ، تەلىپىمنى رەت قىلىۋەتكەنىدىڭ. ئەمدى مەنمۇ بۇ سايماننى بەرمەيمەن، — دېدى مۆرىتجان.

— دەرۋەقە، مەن بادنامە بىلەن شامال پەيدا قىلالايمەن. لېكىنزە،

① بادنامە — شامال چىقىرىدىغان تۇمارمىش.

نەتىجە دەل ھېلىقىدەك بولىدۇ، مۇرىتجان.

شۇ ئەسنادا مۇرىتجان بىر ئىشنى ئەسلەپ ئۆتتى.

— تەقسىر، سىنى قار ياغدۇرالايدۇ دېيىشىدىكەن، قار ياغدۇرۇپ بۇ قۇرغاقچىلىقتىن بىزنى خالاس قىلىۋەتمەمسەن؟— دېدى مۇرىتجان ئاشۇ قۇرغاقچىلىق يىلى پىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ.

— راست، مەن قار ياغدۇرالايمەن، — دېدى خوجا كەلان، — لېكىنزە، قار ياغدۇرۇش ئۈچۈن جەزمەن قوش قۇيرۇقلۇق كەسلەنچۈك تېپىپ كېلىشىڭ كېرەك.

مۇرىتجاننىڭ ئايىغى تەگمىگەن ساي ـ دەشت قالمىدى. لېكىنزە قوش قۇيرۇقلۇق كەسلەنچۈكنى ئەسلا تاپالمىدى.

— مۇرىتجان، كالاڭنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، — ئۇلاغ مىنىپ خانگاھقا يېتىپ كەلگەن بىرى بۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزۈۋېدى، ئۆگىسىلى ئۆچكەن مۇرىتجان ئاچچىقى بىلەن مۇنداق دېدى:

— جۆيلىمە، مەن كالامنىڭ مۈڭگۈزىگە بۇزرۇك غوجام قىلىپ بەرگەن بۆرىدىن ساقلىغۇچى تۇمار ئېسىپ قويغانىدىم، مېنىڭ ئۇ كالامنى بۆرىنىڭ يەپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟!

— مۇرىتجان، بۆرە كالىنى يەپتۇ. ئەمما، تۇمارنى يېۋەتمەپتۇ. تۇمار مۈڭگۈز بىلەن بىللە ئىكەن.

بۇزرۇك غوجا نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

# ئىشان قىزى

(پوۋېست)

مەھەللە گۇگۇم رەڭگىگە بويىلىۋاتقان مەزگىلىدە، تاجىكچە كونا تاش ئۆيدە ئەنئەنىۋى «چىراغ ياندۇرۇش» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈل-دى. خەلىپە ئىسمائىلىيە - ناسىرىيە مەزھىپىنىڭ بۈيۈك دىنىي دەستۇرى «چىراغنامە» نى تەجۋىت بىلەن ئوقۇدى...

مەرھۇم بۇۋى چوكان «ئاخىرەتلىك ئۇلاغى»، يەنى نەزىر - چىراغ-قا ئاتاپ سويۇلغان قوينى مىنىپ، قولتۇقىغا بىر تال چاكاندىنى قىستۇرۇۋېلىپ، قولىدا بەندەيى ئىسمائىلىيەنىڭ ئىستىقبالىنى روشەن ئەتكۈچى چىراغنى كۆتۈرگىنىچە، ئۇ دۇنيالىق سەپىرىنى باش-لىدى.

## (1)

نامى قەدىمكى ساك تىلىدا ئاتالغان كەنتنىڭ يۇرىكىدىن «پىرخا-نا» سۈپىتىدە پەخىرلىك جاي ئالغان، ئالدىدا كەشتىچى تاجىك گۈزە-لىنىڭ كەشتىسىدەك چىمەنلىك يېيىلىپ ياتقان ئاۋۇ كونا تاش ئۆي

بىر مۆھتەرەم، تەقۋادار ئىشاننىڭ ئۆيى بولۇپ، تاغىستان قىشنىڭ چىللە دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، نورۇزنىڭ ئاق گۈلى ئېچىلغاندا، بۇ ئۆيدە بىر بۇۋىزادە (ئىشان قىزى) دۇنياغا كەلدى. ئىشان پۇشتىدىن بولغان بۇ تاجىك قىزغا ئۇستا قۇرئانداز ئەزان چىللاپ، تەكبىر ئېيتىپ، چىرايلىقىنە تاجىكچە ئىسىم قويدى. كونا ئادەت بويىچە، تۇغۇلغاندا تەكىيىنىڭ تېگىگە سۇپۇرگە قويۇپ قويۇلغاچقىمىكىن، بۇۋىزادە كېيىن مەكتەپتە ئوقۇتۇلماي، ئۆيىنىڭ نارەسىدە بەندىسى بولۇپ قالدى. ئاندىن ئىبارەت تەربىيەتكارنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا «قارا تەربىيەخانا» دا جۇۋۇلدۇز، يىڭنىدىن كۆسەيگىچە، قايچىدىن لاخشىگىرگىچە، ساۋاق چىۋىقتىن يىپ ئېگىرىدىغان ئۇرچۇققىچە... ھەممىسى بىلەن قولى كۆندۈرۈلگەن بۇۋىزادە بويىغا يېتىپ، ھۆسنىگە تولۇپ، ماھى تابانداك چاقناپ تۇرغان كۆنلىرىنىڭ بىرىدە، ياقا يۇرتتىكى بىر سەيىد ئۇنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. ئىشاننىڭ قىزى سەيىدزادىگە ياتلىق قىلىنىدۇ؛ سەيىدزادە بۇۋىزادىگە ئۆيلىنىدۇ. بۇ نىكاھ ئەھكامى بويىچە، بۇۋىزادە نىگارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئىككى ئاكىسى قىز تەلەپ قىلىپ كەلگۈچىگە باش چايقىمايلا «خۇش ـ ماقۇل» دەۋېتىشتى.

ماقۇل دېمەي نېمە ئامال؟ ياق دېسەك، قىزىمىزنىڭ نىكاھ رىسقىنى بەند قىلىۋەتكەن بولمامدۇق؟» تۆردە دىنىي نامە ئوقۇپ ئولتۇرغان پىرى ئىشان كىتابتىن كۆزىنى ئۈزۈپ، تۇم قارا قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىنى ياز قۇياشىنىڭ نۇرى چۈشۈپ تۇرغان تۈڭلۈككە تىكىپ ئويغا پاتقاندى.

— نىگارنىڭ رىسقى چىقتى. بۇ جەھەتتە مەن شاد، — دېدى

ئىشان كۆزىنى تۇگۈلۈكتىن ئۈزمەي تۇرۇپ، — ئەمما، ئۇ ياتلىق بولۇپ بارار جاي بەكمۇ يىراقتا، بۇ جەھەتتە مەن نائەمىن، بىسەرەم-جانمەن.

تاش ئوچاقنىڭ سۇپىسىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قارا ۋە قىزىل رەڭگە بويالغان يىپ ۋە كالاۋۇتۇندىن «چۇلك» تەييارلاۋاتقان بۇۋى ئانا:

— دۇرۇس، ئۇ جاي بىلەن بۇ جاي ئارلىقىدا تاغ - داۋان، دەريا - ئېقىن بار، — دېدى ۋە ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — خۇدا، ئاغا ئىگەم يار بولغاي... ھەي، بۇ يۇرتتىن رىسقى چىقىپ قالغان بولسا ئەجەب ياخشى بولاتتى، ئەپسۇس...

پىرى ئىشان كىتاب - نامەنى كەشتىلىك قۇرئاندان (كىتاب قې-پى)غا سېلىپ قويۇپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى - دە، پەگاھقا چۈشۈپ ئاچچىق بىلەن شۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ بۇ يۇرتتا ئۆزىمىزنى قاتقاندا تۆت ئۆيلۈك سەيىد - خوجا، ئىشان بار. ئۈچ سەيىدزادە بار، ئەمما بۇ سەيىدزادىلەر تېخى توي يېشىغا توشمىغان كىچىك نوتا يەنە كىمنى بار دەيسەن، بۇۋى؟! خەلقىيە (مۇرىت، جامائەت دېمەكچى) بىزدىن قىز ئالمايدۇ، دۇئا ئال-دۇ! بىزمۇ خەلقىيەگە قىز بەرمەيمىز، دۇئا بېرىمىز! خەلقىيەدىن بە-رەرى پەگاھىمىزدا تىك تۇرۇپ، بىزدىن قىز - بۇۋىزادە تەلەپ قىلىپ باقتىمۇ؟! قىزىمىزنى يېتىلەپ ئاپىرىپ خەلقىيەنىڭ بوسۇغىسىغا باغلاپ قويامدۇق - يە!

— ماڭا قەھر قىلما، مەندە نېمە ئامال بار دەيسەن؟ لايدىن سەيىدزادە ئاپىرىدە قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدىكەن، بولمىسا... —

دېدى بۇۋى قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ۋە: — غايىبتىن خۇي ـ پەيلى نىگارىنىڭكى بىلەن ئوخشاش، ياۋاش ـ مۆمىن بىر سەيىدزادە لايىق پەيدا بولسىچۇ كاشكى، مەن ئۇ سەيىدزادىنىڭ بېشىدىن بىر پىيالە سۇنى ئۆرۈپ تۇرۇپ ئىچىپ، ئۇنى ئىچ كۇيۇئوغۇل قىلىۋالغان بولاتتىم، — دەپ قوشۇپ قويدى شېرىن خىيالەتتىن مەززە ئالغان هالدا.

ئىشان ئايالىغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئىسسىق بۇلاقنىڭ سۇيىدەك قايناق كەيپىياتنى سەل سوۋۇتۇپ، نەزەرىيە سۆزلەشكە باشلىدى:

ئەزەل بىلەن ئەجەل ئىشى خۇداۋەندە كەرىمنىڭ هۆكمى بويىچە بولىدۇ. بىز — بەندە، ئاللانىڭ چارۋىسى، ئەجەل بىلەن ئەزەل ئىشىدا تەدبىرىمىز كارغا كەلمەيدۇ. تەدبىر — سېۋەت، تەقدىر — سۇ، سېۋەتتە سۇ توختىمايدۇ...

***

ئوت ـ چۆپلەر تەكشى ئۆسكەن، بىللۇردەك سۇزۇك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقنىڭ لېۋىدە، بۇۋى ئانا بىلەن ئىككى قىزى ئولتۇراتتى. يەتتە ياشلىق ئەۋزا نوختەك چېچەكلىرىنى ئۇزۇپ ئوينىماقتا ئىدى.

— نىگار، بۇ يېزىدىن ساڭا لايىق چىقمىدى. يىراقتىن بولسىمۇ رىسقىڭ چىقتى. قىز چوڭ بولغاندا ياتلىق بولىدۇ، بۇ قائىدە. ياتلىق بولماي، بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتۈش يامان ئىش، ياتلىق بولۇش بۇۋى فاتىمە زەرادىن قالغان ئىش. بىلىپ قالغىنىڭكى، ئۆمرى ئەرسىز ئۆتكەن قىز ئۆلگەندە جىنازىسى تۇۋرۇككە نىكاھ قىلىنىدۇ ياكى بول-

مىسا، جىنازىسى تاياقچىغا نىكاھ قىلىنىدۇ ھەم تاياقچە بىلەن بىللە يەرلىككە قويۇلىدۇ.

— شۇنداقمۇ ئىش بارمۇ ئانا؟ — ئانىسىنىڭ تىزىغا بېشىنى قو- يۇۋالغان نىگار بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

— بار، بۇ بىر قائىدە! — دېدى ئانىسى چۈشەندۈرۈپ، — بۇ يۇرتتا ئۆمۈر بويى ياتلىق بولمىغان بىر قىزنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، تاياقچىغا نىكاھلىنىپ، تاياقچە بىلەن بىللە يەرلىككە قويۇلغانلىقىنى مەن سەندەك ۋاقتىمدا ئانامدىن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانمەن.

تەئەججۇبات — ھەيرەتكە پاتقان نىگار بىرھازا يەرگە قاراپ تىكىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، يەنە بېشىنى ئانىسىنىڭ تىزىغا قويۇۋېلىشقا تەمشىلىۋېدى، ئانىسى ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاستا نوقۇپ ئۆزىگە قارىتىپ، كۆزلىرىنى نەمدىگىنىچە ئىلتىجا قىلىپ دېدى:

— نىگار، ئەمدى ھەرگىز غەمكىن بولما، سەن غەمكىن بولساڭ، داداڭ ئىككىمىزنىڭ دىلى چاك بولىدۇ. خەيرلىك ئىشقا خۇشال بول. «توي خۇدانىڭ خەزىنىسى» دەپتىكەن. رىسقىڭنىڭ چىققىنى بەخت - تەلىيىڭ.

— ئانا، ئەمدى ھەرگىز غەمكىن يۇرمەيمەن، — قىز شۇنداق دېگەچ ئانىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويىۋېدى، ئانىسى روھلىنىپ كەتتى. شۇ تاپتا كاردان ئانىنىڭ قەلبىدىن ۋەز - نەسى- ھەت سۆزلۈك قەترىلەر كەبى قىزىنىڭ ۋۇجۇدىغا تېمىشقا باشلىدى:

— نىگار، بولغۇسى قېيىنئاتاڭ، قېيىنئاناڭ ئالدىدا ھەمىشە ئېگىلىپ، ئېغىشىپ ھۆرمىتىنى قىل، ۋاپادار، ئىتائەتمەن، ساداقەت- مەن كېلىن بول، — بۇۋى ئانا ۋەز - ئۇگۇتنى زەن سېلىپ ئاڭلاپ

ئولتۇرغان قىزنىڭ چېكە چېچىنى سىيلاپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام ئەتتى: ــ بۇۋى فاتىمە زەرانىڭ ئىككى كېلىنى بولۇپ، بىرى ئىتا- ئەتمەن، ئىشچان، پاختاقۇلاق بولغاچقا، قېيىنئانىسى بۇۋى فاتىمە زەرانىڭ ياخشى دۇئاسىنى ئېلىپ، ئاسماندا پەرۋاز قىلىدىغان ئاقباش قۇشقا ئايلانغانمىش. يەنە بىرى ئۆكتەم، ھە دېسە قېيىنئانىسى بىلەن گەپ تاكاللىشىدىغان ھۇرۇن ـ يالقاۋ بولغاچقا قېيىنئانىسى بۇۋى فاتىمە زەرانىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ، قارغىشقېپى بولۇپ، لاي ـ پاتقاق- قا مىلىنىپ، ئازگال ـ ئەۋرەزدە ئۆمىلەپ يۈرۈيدىغان سەت پاقىغا ئاي- لانغانمىش! ــ بۇۋى ئانا تىزىغا ئورۇپ كولۇپ كەتتى. نىگارمۇ پى- خىلداپ كۈلىۋېدى، مەرۋايىتتەك ئاق چىشلىرى چاقناپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا، بۇۋى ئانا بىلەن نىگارنىڭ دىققىتىنى 50 مېتىرچە يىراقلىقتىكى چىمەنلىكتە ئۆسمۈر ھەيدەرنىڭ قولىنى كاناي قىلىپ، «ئەۋ...زا...» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئۆزىگە تارتتى. ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ قېشىدا يانپاشلاپ يېتىپ، نوختەك چېچەكلىرى- نى ئۈزۈپ ئويناۋاتقان كىچىك ئەۋزا بىرەر شەپە ئاڭلىغان قىيادىكى كېيىك بالىسىدەك دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، «ھەيدەر!...» دېگىنىچە چىمەنلىككە قاراپ چاپتى.

چىمەنلىكتە ــ رەڭگارەڭ گۈللەر ئارىسىدا قوغلىشىپ، موللاق ئېتىشىپ ئوينىشىۋاتقان ئەۋزا ۋە ھەيدەرگە قاراپ بۇۋى ئانا زوقلان- دى. ئۇ پۈتەي دەپ قالغان كولتا كەشتىسىنى قولىغا ئېلىپ، تىكىش- نى داۋام ئەتمەكچى بولۇپ تۇرغان نىگارنىڭ تىزىغا بېگىز بارمىقى بىلەن نوقۇپ قويۇپ، «ئۇلارغا قارا» دېگەن مەنىدە ھەيدەر بىلەن ئەۋزا- نى زوق چىقىپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرى ئۈستىدىكى ئىنچىكە قاش-

لىرى بىلەن شەرەت قىلىدى. نىگار چىكەنداز يىگىنىسىنىڭ ئۇچىنى خام، يىشىل پۇرچاقنىڭ شۆپۈكىدەك نېپىز لەۋلىرىگە قىستۇرغىنىچە ھەيدەر بىلەن ئەۋزاغا ئىزتىراپ، ھەۋەس بىلەن نەزەر سالدى.

***

بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ، تالادا قىبلىگاھقا قارىغىنىچە «مۇناجاتى بابا رەۋشەن» نى دىمىقىدا ئوقۇۋاتقان ھەزرىتى پىرى ئىشاننىڭ قېشىغا ئۇستىبېشى مالال ھالدا يىتىپ كەلگەن قوشنا مۇرت ئايال ئاۋۋال پىرىنىڭ قولىنى سۆيۈپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئوغلى ھەيدەرنىڭ بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىنى، پىرىنىڭ مالال كۆرمەي دەرھال دەۋايى تۇمار قىلىپ بېرىشىنى جىددىي ئۆتۈنۈۋېدى، قاپىقى تۈرۈك پىر ـ ئىشان شارتتىدە يانغا بۇرۇلۇپ:

— بۇنداق تۇمار قىلىپ بېرىپ بەك ئاۋارە بولدۇم. ئەڭ ياخشىسى مەن ئاۋۇ دەرياغا بىراقلا دەم ئۇرىۋېتەي، بىمار ـ بىتاپلار دەم ئۇرۇلغان دەريانىڭ سۈيىنى دۇم يېتىپلا ئىچىۋالسۇن، — دېدى سوغۇق ئاھاڭدا.

زەردەك پىرىنىڭ بۈگۈن زەھەردەك سۆزىنى ئاڭلىغان قوشنا مۇرت ئايال داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

پىر ـ ئىشانغا بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟

***

قۇرۇپ كېتىۋاتقان «قارا بۇلاق» نىڭ چىملىق گىرۋىكىدە چېلەكلىرىگە لىققىدە سۇ ئېلىشقان بۈۋى ئانا بىلەن قوشنا مۇرت ئايال

«تەقدىر ـ ئەزەل»، «پېشانە»، «نىكاھ غايىب»... ئۈستىدە خېلى ئۆزۈن-غىچە تۈترۈقسىز پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇۋى ئانا ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ دېدى:

قىز بالا راستىنىلا ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن تىكەنلىك يوق ئىكەن. نىگارمۇ ئوغۇل بولغان بولسىچۇ كاشكى. مانا ئىككى ئوغلۇم بار، چوڭى پوسكامدىن بىر بۇۋىزادىگە ئۆيلىنىپ، ئۆي ئايرىپ، روزىغار قىلىۋاتىدۇ. كىچىكى ئايالى بىلەن بىللە يايلاقتا مۇرىتلارنىڭ ھاسىسىغا تايىنىپ قويلىرىمىزنى بېقىۋاتىدۇ. بىز كەنتتە ئىككى سىيىرنىڭ سۈتىنى ئىچىپ ئەمىن كۈن كەچۈرۈۋاتىمىز.

ــ ئانا، نىگارغا نېمە بوپتۇ؟ ئۇ رىسقى چىقىپ بىر سەيىدزادىگە ياتلىق بولماقچىغۇ؟ بىر پىيالە سۈت بىلەن بىر پىيالە سېرىق ماي قوشۇلىۋالماقچىغۇ، شۇ، ــ دېدى قوشنا مۇرىت ئايال بۇۋىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ. ئارقىدىنلا قوشنا ئايال يەنە شەمشاد ئىسىملىك سىڭلىسىنىڭ نىگار ياتلىق بولۇپ بارىدىغان ئاشۇ يۇرتتا ئىكەنلىكىنى بۇۋىنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويىدى ھەمدە نىگار بىلەن سىڭلىسى ئىككىسىنىڭ بىر جۈپ شەمشاد بولۇپ، ئۇ يۇرتنىڭ تۇپرىقىدا بىللە كۆكلەپ، يىلتىز تارتىدىغانلىقىنى زور ئىشەنچ تۇيغۇسى بىلەن ئېيتىپ بۇۋىنى خۇش قىلغان بولدى.

خۇشچىراي بۇۋى يەلكىسىدىن ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ، ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، قىيامغا ئۆرلىگەن قۇياشقا قاراپ قويغاندىن كېيىن، قىزىنىڭ نىكاھ ئىشى بىلەن كۆڭلى سەل بىسەرەمجان بولغان ئېرى تۇنۇگۈن ئەتىگەن ھەيدەرگە ئېرىنچەكلىك بىلەن ئېيتىپ بەرگەن «دۇئالىق تۇمار» نى يانچۇقىدىن چىقىرىپ،

يۈزىگە كۆلكە يۈگۈرتكىنىچە ئۇنى قوشنا ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنى خۇش قىلغان مۇرىت ئايالنى ئۇمۇ خۇش قىلىۋەتتى.

***

تومۇز ئاپتىپى چۈشۈپ تۇرغان ئېغىلدا سېغىمچى بۇۋىزادە سۈت ساغماقتا ئىدى. ئادەتتە، سۈت چېلەكنى تېپىپ دېگۈدەك سارائكلىق قىلىدىغان بەدپېئىل تاغىلەك (ئېنەكنىڭ ئاتىلىشى) بۈگۈن تولىمۇ مۇلايىملىشىپ، ئەمچەكلىرىنىڭ ئىنچىكە، يۇمشاق بارماقلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ سىغىلىۋاتقانلىقىدىن ھۇزۇر سۈرۈۋاتقاندەك، ئورنىدا مىدىر - سىدىر قىلماي جىم تۇراتتى. ئاۋۇ خۇش پېئىل قوڭۇر ئېنەك چېلەكنى تىزلىرىغا قىستۇرۇپ سۈت سىغىۋاتقان ئۇستا سېغىمچىنى ئارقىسىدىن ئىسسىق مېھرى بىلەن پات - پات يۇراپ قوياتتى. تامنىڭ تۈۋىدە كۆشەپ ياتقان «ئۇلاغبېشى» ئۆكۈزنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بۇۋىزادىنىڭ كۈزدە خامان تېپىش مەزگىللىرىدە قوشنا مۇرىت ئايالغا ئەگىشىپ توۋلىغان، خامان ئۇلاغلىرىغا رىغبەت - قۇۋۋەت بەخش ئەتكۈچى مۇنۇ «خامان قوشىقى» ياڭراپ تۇرسا كېرەك:

جانىۋارلىرىم، جانىۋارلىرىم،
ھارمىغايسىلەر،
غەيرەت - چىدام بار سىلەردە،
بەك چاققانسىلەر،
مەيدا، مەيدا، مەيدا...

يۈگۈرۈشۈپ، چۆرگىلىشىپ،
جەۋلان قىلىڭلار.
ئاق خامانني دەسسەپ، ئېزىپ،
تالقان قىلىڭلار.
مەيدا، مەيدا، مەيدا...
جانىۋارلىرىم، جانىۋارلىرىم،
ئەي ئۇلاغلىرىم،
ئاشلىق بىلەن تولسۇن ئامبار،
ساڭ، تاغارلىرىم.
مەيدا، مەيدا، مەيدا...

نىگار بۈگۈن چۈشتە ساغقان سۈتتە كەچتە يەنە ئۆز قولى بىلەن ئۇخشىتىپ «سۈت پولو» ئەتتى. «ئاق تائام»نى قوتان يېپىشقا ياردەملەشكىلى كەلگەن ئۈچ ـ تۆت ئەر مۇرىت ۋە قوشنا مۇرىت ئايال قوشۇقچى ئىسكەندەر ياسىغان ياغاچ قوشۇقنى يالاپ تۇرۇپ، زور ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. غىزادىن كېيىن، پىرئىشان: «يېگەن تائام قۇۋۋەت، ئاشقان تائام بەرىكەت، خۇدادىن شەپقەت، پەيغەمبەردىن دۆلەت...» دېگەن تائام فاتىھەسىنى ئوقۇدى، داستىخان يىغىشتۇرۇلۇۋاتقاندا، قوشنا ئايال خورسىنىپ مۇنداق دېدى:

— ھەي، نىگار ئانىنىڭ قولىدىن لەززەتلىك تائاملارنى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يەپ، يامان ئۆگىنىپ قالدۇق. ئەمدى نىگار ئانا ياتلىق بولۇپ...

شۇ ئەسنادا ئوزايىدىن ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن مېھمانلارنىڭ

ئالدىدا پەگاھدا ئۆرە تۇرغان بۇۋى ئانىنىڭ قولىدىكى كۆك سىرلىق لىگەن تاراڭگىدە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئەتىۋارلىنىپ كېلىنىۋاتقان كۆك سىرلىق لىگەنىنىڭ «نالىسى» بىلەن تەڭ بۇۋىنىڭ يۈرىكىدىن گويا ئەكس سادا قايتقاندەك بولدى...

***

نىگار ياغاچ چۆمۈچ بىلەن «قارا بۇلاق» تىن چېلەكلىرىگە سۇ قاچىلاۋېتىپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى.

قىيامغا ئېگىلگەن قۇياشنى كۈتىۋاتقان مەغرب تېغىنىڭ باغرىدىكى قەبرىستانلىقتىن ئاغزىدا شەمشاد يوپۇرمىقىنى چىشلىۋالغان «ئەرۋاھ شۇڭقار» ئۇچۇپ كېلىپ، نىگاردىن سەل نېرىراقتىكى چىم ئۈستىگە قوندى. قوشنا مۇرىت ئايالدىن «ئەرۋاھ شۇڭقار» ھەققىدە بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغان نىگار «ئەرۋاھ شۇڭقار» غا ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

ئېيتىلىشىچە، مىڭ تال سېرىق سۆگەتنىڭ ئارىسىدىكى بىر تال چىرايلىق شەمشاد، باھار ـ يازدا باراقسان بولۇپ كۆكلەپ، بۇ يۇرتنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قاتىدىكەن. بىركۈنى ياقا يۇرتتىن بىرى كېلىپ، ئۆزىنىڭ شەمشاد بىلەن بولغان يىلتىزداشلىقىنى باھانە ـ پەش قىلىپ تاش پالتا بىلەن شەمشادنى كېسىپ ئېلىپ كەتكەنىمىش، كېسىۋېتىلگەن شەمشادنىڭ شېخىدىن بىر تال يوپۇرماق ئاجراپ يەرگە چۈشكەنىمىش، چىرايلىق شەمشادنىڭ ۋاپادار، سادىق ئاشىقى بولۇپ، ئۇ چىن يۈرىكى بىلەن سۆيگەن جان شەمشادنىڭ ھىجرانىدا قىل ئارغامچىدا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي روھى

شوخقارغا ئۆزگەرگەنمىش...

نىگار ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە، سۆيۈملۈك «قارا بۇلاق» بىلەن خوشلاشتى.

ئەرۋاھ شوخقار ئادىتىچە، قورۇپ كېتىۋاتقان «قارا بۇلاق» قا ئۆزۈنغىچە تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، تىمتاس ماكانى — قەبرىستانلىقتا ئۇچۇپ يېرىپ، ۋاقتىنچە كۆزدىن غايىب بولدى.

***

ئاق ۋە قىزىل تاۋاردىن بېشىغا سەللە يۆگىۋالغان «پادىشاھ» يىگىت «ئەشقەر» گە مىنىپ، «شاھىنشاھ كۈيى» بىلەن زور داغدۇغا ـ تەنتەنە ئىلكىدە ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، چېچىغا مەرۋايىت سەدەپلەر تىزىلىپ، چېچىنىڭ ئۇچىغا «چولك» ئۇلانغان، ئېيتاۋۇر، ئۇستىبېشى كېلىنچەكچە بېزەپ چىقىلغان بۇۋى نىگارنىڭ قولاق تۈۋىدە نىكاھ دەستۇرى «نىكاھنامە» نى ئوقۇۋاتقان نىكاھچىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى. «نىكاھنامە» ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قىز بىلەن يىگىتكە نىكاھ سۈيى ئىچكۈزۈلدى.

كۆز ياشلىرى بىلەن ئەۋجىگە چىققان بىر مەيدان «خوشلىشىش» تىن كېيىن، نىگار قوشنا مۇرىت ئايالنىڭ سىڭلىسى شەمشادقا يوللىغان سالىمىنى ئېلىپ، ناتونۇش ئېرى ۋە ناتونۇش قىز كۆچۈرگۈچىلەر بىلەن بىللە ئۇزۇن سەپەرنى باشلىدى.

«قىرغاقتا تۇرىدۇ شەمشاد يىگانە،
ئاق شوخقار ۋەسلىگە ئىنتىزار بەندە.

قارا زاغ قاقىلداپ كېلىدۇ ئۇچۇپ،
ئاق قۇشى نەدىدۇر، ئاھ، قۇشى نەدە؟!..

يېقىملىق، لىرىك قوشاقلىرى بىلەن قىز كۆچۈرگۈچىلەرنى كەيپ ـ مەستانە ئەيلىگەن نەۋ ھافىز ئۇزۇن سەپەر ئاخىرىلىشاي دەپ قالغاندا تولۇلغان ئاخىرقى بۇ ناخشا «شەمشاد ھېكايىسى» نىڭ نەزمىي پارچىسى ئىدى. بۇ ئاخىرقى ناخشىغا رام بولغان كېلىنچەك نىگار ئارىدىن 2 ~ 3 ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، دەريا بويىدا «شەمشاد ھېكايىسى»نى ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى.

## (2)

بالىلىقىمىزدا ئاچام ئىككىمىز تاش دۆڭنىڭ تۇمشۇقىدا لايدىن ئۆي ياساپ ئوينايتتۇق. بىز ئاسايىشلىق لاي ئۆيدە لاتا بالىلىرىمىز بىلەن بىللە كەيىبانۇدەك ياشايتتۇق. پات ـ پات لاتا بالىلىرىمىزنى قولىمىزدا ئوينىتىپ تۇرۇپ:

مېنىڭ بالام ياڭاق چاقار،
سېنىڭ بالاڭ تاش چاينار،
تاش چاينىدى چىشى سۇندى،
ئېرىقتىن سەكرەپ يانپېشى سۇندى.

دېگەن قوشاقنى ئوقۇيتتۇق. «ئۆيىمىز» بىز ئۇچۇن خۇددى تېمىغا ئاق ئۇندىن بەخت گۈلى چېكىلگەن بەختخانا، بىز شۇ بەختخانىنىڭ ئەركىن، سائادەتمەن ساھىبى ئىدۇق. بويىمىز ئۆسۇپ،

چوڭ بولۇپ قالدۇق. ئاخىرى بىز لاتا بالىلىرىمىز ۋە لاي ئۆيىمىز بىلەن ئەبەدىي خوشلاشتۇق.

مەن شەمشاد، ئالەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغىدەك چىرايلىق كۆكلەپ، باراقسان بولغان دەمدە، يىراق تۇغقىنىمىز، ھازىرقى قېيىنئاتام پەگاھدا تىك تۇرۇپ مېنى جىددىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاتا - ئانام «ئەرۋاھ ئۇرغۇر» بولۇپ قالمايلى، تۇغقانلى رەنجىتىپ قويمايلى، دەپ مېنى داۋان ئېشىپ كەلگەن تەلەپكارنىڭ تۇغ قوزۇقىغا باغلاپ، قۇلىقىمغا ئەن سالدۇردى. مەن ئەسلىدە باھارىستاندا ئەركىن كۆكلەۋاتقان شەمشادچاق ئىدىم. «قىز بالىغا ئوقۇش پەرز ئەمەس» دېگەن گەپ بىلەن مەكتەپتىن — گۈزەل گۈلىستاندىن تارتىۋېلىنىپ، تالاغا چىقمايدىغان قارا مورا ئوچاق بىلەن شېرىك بولۇشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن پات - پات بىر ئامال قىلىپ ئۆيدىن يۇلقۇنۇپ قېچىپ چىقىپ، گۈزەل خىلۋەتگاھقا بېرىپ، قوپۇزچى ئانامنىڭ كۈمۈش قوپۇزىنى سايرىتىپ چالغىنىمدا، شوخقارىم ئالتۇن ئۇۋىسىدىن چىقىپ، قېشىمغا ئۇچۇپ كېلەتتى. مەن قوپۇز چالاتتىم، شوخقارىم پەرۋاز قىلىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى! شوخقارىم قاناتلىرىنى كۆكلىكىمنىڭ ئېتىكىگە يېقىپ تۇرۇپ، كۆزۈمگە تىكىلىپ قاراپ شۇنداق دەيتتى : «قارا بولاق» ھەرگىز قۇرۇپ قالمىسۇن، كۈمۈش قوپۇزنىڭ شادىيانە ئاۋازى ھەمىشە ياڭراپ تۇرسۇن، شوخقار بىلەن شەمشاد ۋىسال تېغىنىڭ كۈمۈش چوققىسىدىن ئورۇن ئالسۇن! بىز پىچاق بىسىدا قەسەم ئىچىشتۇق، قوللارنىڭ بېغىشلىرىدىن چىققان قان تاڭدىكى شەپەق بولۇپ، «ئىلاھىي تاغ»نىڭ كۆكسىگە يېيىلدى.

***

ئاق شوغقارىمدىن مېنى ئاچ بۆركۆتتەك تارتىۋالغان ئەر ئۆز ئۆيۈمنىڭ تۆرىدە ناللىق، قوپال ئۆتۈكى بىلەن پۈتۈمنى دەسسىۋالغاندا ئۆزچە گىدىيىپ، بېشى تورۇسقا تاقاشقاندەك بولدى. مەن بولسام شوغقارغا تەلپۈنگەن ئاق يۈرىكىم مەست بۆغرانىڭ تاپىنى ئاستىدا مىجىلىۋاتقاندەك بولۇپ، كۆزلىرىمدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزدۇم...

مەن قائىدىمىز بويىچە، ئېرىم بىللە بىللەن «ھەپتە» ئۈستىگە تولۇق ئولتۇرغاندىن كېيىن، قوراق كونا ياستۇقلار بىلەن ئۇچۇلۇقتەك كىچىك ئاددىي كۆرپىلەردىن، ۋاقىتلىق ياسالغان «شاھنىشىن» جايىمدىن رەسمىي قوزغىلىپ، ئەڭ ئاۋۋال بىز قىز ـ ئاياللار تۇغۇلغاندا باش ئۈستىمىزدىن ئايلاندۇرۇلىدىغان چىغ سۈپۈرگىگە قول ئۇزاتتىم.

مەن مەينەت، غەشت ئۆينىڭ قاپقارا تورۇسلىرىنى قاپلىغان «جىنىنىڭ چاچلىرى»نى چىغ سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈرۈپ چۈشۈرىۋاتقاندا، ئېچىلىپ ـ يېپىلغاندا غىچىلداپ سەت ئاۋاز چىقىدىغان، ئۇلگۈچەكلىرى چىرىپ كەتكەن ئىشىكتىن چەكچەيگىنىچە كىرىپ كەلگەن قېيىنئانام سۆزلەپلا كەتتى:

ــ جىنىنىڭ چاچلىرىغا تەگمە! ئۇ تورۇسقا ئوخشاش ئۆينىڭ پاناھى، ئۇنىڭغا چىغ سۈپۈرگىنى ئەمەس، كىرپىكلىرىڭنىمۇ تەگكۈزمە! تورۇستىكى ئۇ نەرسە ئاتا ـ ئانام زامانىسىدىمۇ بار ئىدى، سەن ئۇنىڭ جىنىنىڭ چاچلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، ئەمما ئۇنىڭ پاناھ ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن! مەندە يەنە جىنىنىڭ تىرنىقى بار، ئۇ

ساندۇقتا ساقلاقلىق، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيگە بەرىكەت ياغىدۇ...

ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ كاسكا قېيىنئانام ماڭا ھەمىشە بىكاردىن بىكار چالۋاقاپ سۆزلەيدىغان بولۇۋالدى.

ئېرىم بەقەر جۇنۇن پىيالىدەك كۆزلىرى غىلىپىدىن پولتىيىپ چىقىپ تۇرغان، دوقا ماڭلاي، بۇرنى پاناق، ئۇزۇن، پاخماق سارغۇچ چېچى قۇلىقىنى يېپىپ، كەڭ يەلكىسىگە يېيىلىپ تۇرغان ساراڭ جىن. دېيىلىشىچە، بۇرۇن ئۇ ئۆيدە قازناقتا بىر چىشى جىن تۇرىدىكەن، ئۆي ئىگىسى ئەر ـ خوتۇن ئۇ جىنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىكەن. بىركۈنى ئېرى تۇگمەنگە ئۇن تارتقىلى كەتكەن ئايال بىر ئايلىق بولغان بالىسىنى بۆلەنچۈكتە ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزى تۇترۇقلۇق ئۇچۇن چاۋا ـ چاتقال تەرگىلى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. دەل شۇ ئارىدا جىن ئەمدىلا تۇغۇلغان بالىسىنى بۆلەنچۈكتىكى ئادەم بالىسى بىلەن ئالماشتۇرىۋېلىپ، غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ. مانا ھازىرقى ئېرىم بەقەر جۇنۇن ئادەم بالىسى بىلەن ئالماشتۇرۇۋېلىنغان جىن بالىسىمىش!

قېيىنئانام مەندەك ساھىبى سۈرەتنىڭ جىن ئېرى بىلەن ئۆمۈر بويى ياستۇقداش بولۇپ ئۆتىۋېرىشىمدىن شەكلىنىپ، بۇ يۇرتتىكى موللا بۇفقا نالغا ئوقۇتۇپ ئىسسىتقۇ قىلغۇزۇپتۇ. ئۇ ئىسسىتقۇنى ــ ئەفسۇن ئوقۇلغان كونا نالنى ئۆينىڭ بۇنيادىغا كۆمۈپ قويغاچقا، مەن بوسۇغىغا مەھكەم باغلىنىپ، ھېچ ياققا ئۇچۇپ بارالماس بولۇپ قالغانمىشمەن!

خۇدايا توۋا، مەن نەگىمۇ ئۇچۇپ بارالايتتىم؟ شۇڭقارنىڭ قانىتى سۇنغان، «قارا بۇلاق» قۇرۇپ كەتكەن، داۋان ئېگىز، تاغ يولى تار.

«قىز بالا ئوچاقنىڭ كۆلى، بىراۋ دەرگاھىنىڭ قولى» ئىكەن. شۇڭا
تەقدىرگە تەن بېرىپ، جىن بولسىمۇ ئېرىم، ئۆككۆر بولسىمۇ ئۆيۈم
دەپ، جىن ئېرىم بىلەن گۆرنىڭ لېۋىگىچە بىللە بولۇپ ئۆتۈشنى
ئەھد ـ نىيەت ئەيلىدىم. تېنىم جىن بىلەن بىللە، دىلىم يەنىلا شۇڭ-
قارىمىنىڭ پىنھان نىدارىغا پەيۋەندە ئىدى. مانا مۇشۇ دەريانىڭ لېۋىدە،
مانا دەل مۇشۇنداق چىڭقىچۈش مەزگىلىدە، چېلەككە سۇنى توشقۇ-
زۇپ قويۇپ، سېغىنىش گىرداۋىدا قوپۇز چېلىپ ئولتۇرسام، جىن
ئېرىم بەقەر جۇنۇن تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالماسمۇ، ئۇ
چەكچىيىپ، غال ـ غال تىترەپ، قوپۇزۇمنى قەھرى بىلەن قولۇمدىن
تارتىۋېلىپ دەرياغا تاشلىۋەتتى. ئارقىدىنلا كەتمەننىڭ چۇلدىسىدەك
مۇشت ئاغزىمغا تېگىۋېدى... بىر تال چىشىم سۇنۇپ كەتتى. زۇۋۇلـ
سى بەختسىزلىكتىن ئۈزۈلگەن «بەدھەمۇل» مەن، ۋاقىت ئۆتكەنسې-
رى مېھرى ـ كۆيۈمدىن بىراقلا مەھرۇم بولۇپ، زەربە ـ دەشنامغا
ئۇچراپلا تۇردۇم. قېيىنئانام بىلەن جىن ئېرىم مېنى بىر قېتىم
مەن ئالقىنىغا ئەدەب بىلەن سۆيۈپ سالاملاشقان لوپ ھافىزغا چېتىـ
ۋالدى. لوپ ھافىز «سەدەپدار قۇش» دەپ بېيىت توقۇپ چىقىپتىـ
مىش. «سەدەپدار قۇش» باشقا بىرى ئەمەس، دەل مەنمىشمەن! شۇ سە-
ۋەبتىن مەرۋايىت سەدەپلىرىم زورلۇق بىلەن چېچىمدىن ئۈزۈۋېتىلـ
دى. مەن ھەر كۈنى ئاخشام يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ، نەلەرگىدۇر
غايىب بولغان مەرۋايىت سەدەپلىرىمنى ياد ئېتىپ، ئۆزۈنغچە يۇرد-
كىم بىلەن يىغلايتتىم. كۆكسۈم ئەلەم ـ ئەرزىيەت بىلەن چىڭقىـ
لىپ، مۇزدانغا ئايلىنىپ كەتتى.

***

باھار ــ نورۇزنىڭ ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى. مەن دەريا بويىدا كۆك قاشتېشىدەك سۈزۈك سۇدىكى سولغۇن شەمشادنىڭ قىياپىتىگە قارىغاچ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم. دەل شۇ چاغدا «ئەي قارا بۇلاق»! دېگەن سەت، چىرقىراق ئاۋاز بىلەن تەڭ چۆچۈپ، ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم.

ــ ئاشناڭ لوپ ھافىز يەنە «قارا بۇلاق» دەپ بىر بېيىت توقۇپ چىقىپتۇ، ئۇ بۇ بېيىتنى بايا «نورۇز مەشرىپى»دە ئېيتىۋېدى... غايىبتىن شۇنداق سادا كەلدىكى : «قارا بۇلاق دەل شەمشاد!»

يۈزى قوتاز ئۆكۈزنىڭ يەل ئۇرۇلغان دوۋسىقىدەك ئېسىلىپ تۇرغان تەلۋە ئىبرىم بەقەر جۇنۇن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ شۇنداق دېگىنىچە، ئارىدەك قولى بىلەن چېچىمدىن تۇتۇپ، مېنى نېرىراقتىكى چىغزار تەرەپكە سۆرەپ ئاپاردى. ئۇ مېنى ئىت مايىقلىغان چىغنىڭ ئۈستىگە ئوڭدا ياتقۇزۇپ، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان قاپتالباغ بىلەن ئىككى قولۇمنى چىڭ باغلاپ، نالە - پەريادلىرىمغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلماستىن، ئەسكى ئۈستىرا بىلەن قېشىمنى قىرىۋەتتى...

ئەلقىسسە، ئەھلىمەھەللە مېنى قېشى چۈشۈپ كەتكەن «بەدمەرەز» دەپ مەندىن قىر - داۋان ئېشىپ قاچاتتى. ئائىلىدە ئىشنىڭ تەكتىنى بىلمەيدىغان گاس تۇگمەنچى قېيىنئاتام قولۇمدىن ئاش يېمەيتتى. مانا ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتتى. جەبىرخانىدا سەكسەن ئەرزىيەت چەككەن مەن ھازىر نارەسىدە ئىككى ئوغۇل بالىنىڭ ناگاھ قېرىغان خاركەش ئانىسى، جىن ئوغلى بىلەن دىلى ۋە

تىلى بىر جاۋۇلداق، كاسكا قېيىنئانىنىڭ قاخشال كېلىنى، جىن ئەر بەقەر جۇنۇن چالىدىغان، چىدامچان، گەردىشى شەمشاد ياغىچىدىن ياسالغان داپىمەن!

بالىلىرىم ياڭاق چاقسۇن، تاش چاينىمىسۇن، تاش چايناپ چىشلىرى سۇنمىسۇن... دەپ مەن جەبىرخانىدا چىداپ، تۇرمۇشنىڭ زەھىرىنى شىكەر ئورنىدا كۆرۈپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن. جەبىرخانىدا مەن چەككەن سەكسەن ئەرزىيەتكە ئەنە قىيادىكى بىزگە تىكىلىپ قاراپ ياتقان «قىيامەت مۇشۇكى» گۇۋاھ...

شەمشادنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلاشتى. ياش كېلىن بۇۋىزادە نىگار ئېچىنىپ، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىتىپ ئۇھ تارتتى. شۇ دەقىقىدە، خەلقىيەدىن بولغان قاخشال كېلىن بىلەن پارلاپ چاقناپ تۇرغان بۇۋىزادە ياش كېلىن كۆز يېشى قىلىشىپ خوشلاشتى. چۈنكى شەمشاد جىن ئېرى بىلەن ئەتە قاقسەھەردە كۈزدە مال باقىدىغان كۆزلۈك يايلاققا سەپەر قىلماقچى ئىدى.

ئەزىم دەريا پۈتمەي كۆلپەت بىلەن مەۋجىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ يىراقلارغا لۆمۈلدەپ ئاقماقتا. خۇددى لوپ ھافىز ئېيتقاندەك:

لۆمۈلدەپ ئاقماقتا ئەزىم زەرەپشان،
شاۋقۇنى مىسالى مۇڭلۇق كۈي ـ داستان.
قىرغاقتا تۇرىدۇ دەردمەن ـ مىسكىنە،
ۋۇجۇدى قاخشال بوپ سولغان شەمشادجان...

## (3)

— ئانا، مەيدەڭدىكى بۇ ھالقا كۇمۇشمۇ؟

— ھەئە.

— بۇ ھالقا بەك چىرايلىقكەن، ئانا. بەئەينى، چاقناپ تۇرغان ئايدەكلا.

— بۇ ھالقا ئانامنىڭ ئانىسىدىن قالغان تەۋەررۇك.

— ھە، چىرايلىق كۆركلۇك، بىباھا تەۋەررۇك - دە! ئۇنداقتا، ئانا، بۇ تەۋەررۇكنى مەيدەڭگە قاداپ يۇرمەي، يۇرىكىڭدە ساقلىساڭ بولغۇدەك!

— راست دەيسەن، مەن بۇنى يۇرىكىمنى ساندۇق - دۇردان قىلىپ ساقلىسامىمۇ ئەرزىيدۇ. بۇ ھالقا چوڭ ئانامنىڭ مەيدىسىدىن ئانامنىڭ مەيدىسىگە، ئانامنىڭ مەيدىسىدىن مېنىڭ مەيدەمگە كۆچكەن ھالقا. خۇددى ئانام ئېيتقاندەك: «بۇ ھالقا بىز ئۇچۇن نۇرەف- شان مىراس - كۇمۇش ئاي».

سۆھبەتچى ئايالنىڭ چېقىر كۆزلىرى قاينام ياساپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە شولا چېچىپ تۇرغان، ياش كېلىنىنىڭ مەيدىسىدىكى كۇمۇش ھالقىغا تېخىمۇ چەكچىيىپ تىكىلدى.

— خۇدا بۇ ھالقىنى ئوغرى پەرىدىن ساقلىغاي، — دېدى سۆھبەت- چى ئايال ئايسىمان ھالقىدىن كۆزىنى ئۇزمەي تۇرۇپ.

زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ساددا ياش كېلىن: — ئوغرى پەرى؟ — دې-گىنىچە تەشۋىشلىنىپ، ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ سۆھبەتدىشىگە ھەيرەتتە قارىدى.

— سېنىڭ كۆزۈڭ بۇ دىياردا ئەمدىلا ئېچىلدى، ئانا. بۇ دىياردا راستتىنلا ئوغرى پەرى بار، — ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، ياسالمىلىق بىلەن ئەتراپقا تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن يەنە: — ھە راست، ئۈلۈشكۈن، قىممەتلىك كونا بىلەيزۈكىنى يىتتۈرۈپ قويغان بىر ئايال دادامغا كىتاب ئاچقۇزۇپ بېقىۋىدى، موللا دادام بىلەيزۈكىنى باشقا بىرى ئەمەس، دەل پەرى ئوغرىلىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇ بىچارە ئايال تىزلىرىغا شاپىلاق ئۇرۇپ ھۆكرەك ئېيتىپ يىغلى-ۋەتتى. ھەي، نېمە ئامال؟ ئوغرى پەرى ئوغرىلاپلا غايىب بولىدۇ، — دېۋىدى، ياش كېلىن تېخىمۇ تەشۋىشلىنىپ، مەيدىسىدىكى كۈمۈش ھالقىنى پاختىدەك يۇمشاق قولى بىلەن سىيلاپ قويدى. دەرۋەقە، ياش كېلىن نىگارنىڭ كۆزى مەغرب ۋە مەشرىق قىياسىنىڭ ئارىسىدىكى تار، سوزۇنچاق دىياردا ئەمدىلا ئېچىلغانىدى. «تېرە پايانداز» نى دەسسەپ ئەرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىپ كەلگىلى 15 كۈندەك بولغان كېلىن، ئەڭ ئاۋۋال مۇھەممەد مۇستەفا، ئەلى، ھەسەن، ھۈ-سەيىن، بۇۋى فاتىمە زەرانىڭ تىمسالى بەش تۈۋرۈكنى؛ سۇپىسى ئىككى «مۇرە تام»نىڭ تۇمشۇقىغا تۇتاشقان، ئۆينىڭ كۆكسىدىن ئورۇن ئالغان، «ئۆينىڭ يۈرىكى» دەپ ھېسابلىنىدىغان ئوچاقنى؛ تو-رۇستىن «يۈرەك»كە ئۇدۇللاپ ئايلانما قىلىپ ياساپ چىقىرىلغان،

«ئۆينىڭ ئۆپكىسى» تۈڭلۈكنى؛ قازناقنىڭ سۆگەتلىك قورۇققا قارايدىغان تېمىدىن بۇرۇن مەخسۇس رويپۇش — مەستۇرە بۇۋىلەرنىڭ تالاغا چىقىپ كىرىشى ئۈچۈن ئېچىپ قويۇلغان ئىشىكنىڭ ئىزىنى؛ تالادا بولسا، ئاۋۇ قىيادىكى مۇشۇكسىمان تاشنى — قىيامەت مۇشۇكىنى كۆردى. ھە راست، دەريا بويىدا قاخشال شەمشادنى كۆردى. ئەمما، ئوغرى پەرىنى كۆرۈپ باقمىدى. پەقەت كىچىكىدە چوڭلاردىن ئاڭلىغىنى: پەرى ئۇششاق بالىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ قېچىپ، ئۇنى خىلۋەت قىيادا كېيىك سۈتى بىلەن باقارمىش، ئاتا ـ ئانا ئەگەر ئوغرىلانغان بالىسى ئۈچۈن ياقىسىنى چاك ئېتىپ يىغلىسا، پەرى ئۇلارنىڭ بالىسىنى قىيناپ قويارمىش. ئەگەر ئاتا ـ ئانا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خۇشال يۈرسە پەرى ئۇلارنىڭ بالىسىنى كۈلدۈرۈپ ئويىنىتىپ، ئوبدان پەرۋىش قىلارمىش...

ئىككى چىلەكتە سۇ كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتقان نىگارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە سۆھبەتدىشىنىڭ ھېلىلا ئېيتقان «بۇ دىياردا ئوغرى پەرى بار» دېگەن سۆزى ياڭرىماقتا ئىدى.

***

دەريا بويىدىكى سۆھبەتنىڭ ئەتىسى، تەخىرسىز چېقىر كۆز ئايال بىر ئەركىشى بىلەن جىددىي پاراڭلىشىۋېلىشقا ئۈلگۈردى.

— سەيىدزادە، سەن ئەمدى چېچىنىڭ يېرىمىنى تاراپ، يېرىمىنى تارىماي كېلىۋاتقان مەندەك سولغۇن گۈلدىن رىشتەڭنى ئۈز.

سەن ئەمدى نەۋنىگارنىڭ مەجنۇنىسەن. موكى پەدەرخانى «يۇز ئاچقۇ» كۇنى يۇزىنى ئاچقاندا، لەئىل تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇدىن يېڭىلا سۇزۇۋېلىنغان قارا ياقۇتتەك يالتىراپ تۇرغان قارا كۆزلىرى، كەكلىكنىڭكىدەك ئىنچىكە ئەگمە قاشلىرى، ئارپا باشاقنىڭ قىلتىرىقلىرىدەك ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كىرپىكلىرى، قاشتېشىدەك سۇزۇك يۇزى بىلەن ناۋرى (ناشتىلىق تائام ) ئېلىپ كەلگەن مەن ۋە باشقا ئاياللارنى «پاھ!...» دېگۈزۈۋەتكەن نىگارنىڭ مەجنۇنىسەن.

***

مەن ساڭا يەنە دېسەم، نازياب، ئۇ نىگارنى ماڭا ئاتا ـ ئانام زورلاپ تاڭدى! ــ سەيىدزادە چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ، قىياغا ئويچان قىياپەتتە نەزەر سالدى. قىيادىن مۇنۇ سادا ياڭرىغاندەك بولدى:

«ھۇ، نادان، ساڭا دەلمۇ دەل ماس كېلىدىغان بىر بوۋىزادە ئالتۇن قوزۇقتا باغلاقلىق تۇرسا، يەنە خەلقىيەگە ئۆيلەنمەكچى بولۇپ يۇرۇپسىنا؟! مەن سەندەك ۋاقتىمدا، ياق دېمەي خوجا قىزى ئاناڭغا ئۆيلەنگەنمەن. ئەگەرچەندە، يەنە خەلقىيە ـ پەلقىيە دەيدىغان بولساڭ، مەن سېنى قېچىرغا ئۆيلەپ قويىمەن، ئۇلۇغ جەمەتىمىزنىڭ ئەرۋاھلىرى سېنى قوتۇر ئۇلاغ قاتارىدا مىنىپ يۇرسۇن! لېكىنزە، بىر ئېغىز گەپ: نىكاھ تىزگىنىڭ ئاناڭ ئىككىمىز نىڭ قولىدا! ئەگەرچەندە»...

«ئوغلۇم، دەل 12 ياش ۋاقتىدا بىر بوۋىزادە نىكاھ سىنىقىدىن

ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەمرى بويىچە بىر سەيىدزادىگە ياتلىق بولغان. ئۇ بۇۋىزادە مانا مەن! ئۇ سەيىدزادە داداڭ»...

ـــ ئاتا ـ ئانام ئاخىرى كۆسەيگە بىر تاياقچىنى تاڭدى، شۇ! ئۇ تاياقچە ئەركەك قوتازنىڭ پاتىكى بىلەن كۆسەيگە ھەرقانچە چىڭ تېڭىلغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە تاياقچە كۆيۇپ، كۆسەي قالدۇ، ـــ سەيىدزادە قىيادىن كۆزىنى ئۈزۈپ، يېنىدىكى مەھبۇبىگە چىن گەپلىرىنى تەقدىم ئەتمەكتە ئىدى، ـــ سەن يېلىنجاپ تۇرغان قىزىل چوغ، مەن لاخشىگىر، چوغ بىلەن لاخشىگىر ئۆمۈر بويى ھەمراھ!

ئوزايىدىن يىغا چىراي بولۇۋالغان، ئەمدىلىكتە بولسا، ناۋاتتەك تاتلىق گەپلەردىن ئالەمچە سۆيۇنۇپ، چېقىر كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئۇچقۇنى چاقناۋاتقان شادىمان نازىياب «تەخت ـ مۇنبەر»دە ئولتۇرۇش ۋاقتى توشقان بولسىمۇ، ئەمما ھېلىمۇ شاھانە قىياپىتىنى نامايان قىلىپ تۇرغان ئەرنىڭ مەيدىسىگە چاپلىشىپ، قاشلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ:

ـــ ھە، مەن چوغ، سەن لاخشىگىر، ئەمىسە مېنى قىسىۋال، ـــ دېۋىدى سەيىدزادە ئۇنى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان شەۋقى بىلەن چىڭ قۇچاقلىۋالدى ھەمدە چىن يۈرىكىدىن ماختاپ مۇنداق دېدى:

ـــ سەن مەن ئۈچۈن سولغۇن گۈل ئەمەس، پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان گۈلدەك ئۈز يارسەن. خۇدا سېنى توپىدىن ياراتقان چاغدا، لېيىڭغا بىر خالتا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ قويغان، شۇڭا ئۇستىبېشىڭدىن ھەر دائىم شېكەر تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ!

گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن نازىياب بىلەن سەيىدزادە قولتۇق-لاشقىنىچە ئۆدۈل مېڭىپ، چاكاندا جىلغىسىنىڭ ئاغزىدىكى كونا تاشلاندۇق كەپىكە كىرىپ كېتىشتى. كەپە ئىچىدىن نازۇك ئىڭراش-لار بىلەن مۇڭلۇق گەپلەر چالا - پۇلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— ئاسماندىكى ئاينى دەمسەن جېنىم؟

— ياق... كۈمۈش ئاۋۇ ئاينى.

— بۇ... تەس

— ئەمىسە مېنى قويۇۋەت، بېرىپ نىگارىڭنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋال.

— بولىدۇ، ئەمىسە، بىر ئامال قىلىپ...

— ۋاھ! كەل دىنارىم، ئەمدى نازىيابىڭدىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنى-ۋال...

ئايغى ھاياجانلىق ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن ئۇزۇلگەن مانا بۇ نەس پاراڭ بولۇپ ئەتىسى بىر كۆڭۈلسىز ئىشتىن كېلىندار ئۆينىڭ تورۇسى پىرقىراپ كەتتى.

بېشىغا كونا، ئەمما پاكىز داكا رومال ئارتىۋالغان، ئۈچىسىغا يېلىڭ، ئۇزۇن تۇگمىلىك چىپەرقۇت چاپان كىيگەن، يېشىل مەخمەل كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى قىپقىزىل بويالغان چورۇقىنىڭ كەشتىلىك، يىپەك بوغۇچىغا تېگىپ تۇرغان، ئوچاقنىڭ سۇپىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ پاختىدىن چىراغقا ئۇچ - پىلتا ياساۋاتقان، يېشى يىرىم ئەسىردىن ئاشقان مەڭ بۇۋى روھسىز، خامۇش ھالدا پەگاھدا تۇرغان كېلىنىگە قىزىپ كايىپ سۆزلەۋاتاتتى:

— مەن دېگەن مۇرىتلار باش ئۇستىدە كۆتۈرۈشۈپ يۇرگەن خوجا كەلان بۇزرۇكۋارنىڭ پۇشتىمەن، ئۇلۇغلارنىڭ ھىدى بار بۇ لەڭگەر (ئۆينى دېمەكچى)دە كىممۇ ئوغرىلىق قىلىدۇ، كېلىنجان؟! مېنىڭ بۇرۇنقىلاردىن مىراس قالغان كۆرك ـ زىننەت بۇيۇملىرىم زەردان ـ دۇرداندا چاقناپ ياتىدۇ.

— ياق، ئانا مەن سېنى ھالقامنى ئوغرىلىدى دېمەكچى ئەمەس-مەن، ئەزبىرايى خۇدا، مەن...

— ھە، سەن ئەمدى، ھالقام ـ پالقام دەپ يۇرگۇچى بولما، مەن مانا ئالاچىپار چېكە چېچىمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلىمەنكى:

ھالقاڭنى پەرى ئوغرىلىغان بولسۇن، بۇ ئىشنى ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن، باشقا زىبۇ ـ زىننەتلىرىڭنى ئوبدان ساقلا، ھازىردىن باشلاپ تامنىڭ تۆشۈكىدىكى چاشقاننىڭ قۇلىقىغا «يوقاپ كەتتى» دېگەن بۇ پۇتى بار سۆز ھەرگىز كىرىپ قالمىسۇن!

كۇمۇش ھالقىنىڭ ھېجرىدە يۇرىكى ئېچىشۋاتقان نىگار بېشى-نى مەجبۇرەن لىڭشىتىپ قويدى. ئارقىدىنلا قىممەتلىك بۇيۇمىنى يوقىتىپ قويغۇچى بىئارام كېلىننىڭ كاللىسىدا بىر ئوي «بارات ئا-يىمى» ئۇچۇن تەييارلانغان نوكچىدەك پاللىدە ياندى.

***

نىگار ئاۋۋال تار كارىدوردا «ھە، ماڭا قەست قىلغان» كىشى دەل شۇ، موللا ئۇ قارا يۇزنىڭ رەڭگىرويىنى ئېنىق دەپ بەردى، دېگىنىچە

ئۆيدىن چىقىۋاتقان بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كىشى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئاندىن ھايال ئۆتمەي كۆردىكى: ئىچىنى كىچىك تۈڭلۈكتىن چۈشكەن كۈن نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان ئۆينىڭ پوستەك سېلىنغان ئوڭ تۆرىدە بېلىگە ئۇزۇن قوراق تەكچى قويۇۋېلىپ، «قالماقچە» ئول-تۇرغان، قوۋۇزلىرى ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن، ئۇستىبېشى مەينەت بىر چال قاقاچ روچكا بىلەن بۆز پارچىسىدەك قەغەزگە ئاللىنېمىلەر-نى پۈتمەكتە. بۇ، نىگار ئىسمىنى ئاڭلىغان موللابۇف ئىدى.

ئېيتىلىشىچە، موللابۇف بىراۋغا قەست قىلغۇچى، بىراۋنىڭ گېلىدىن غەلدە ـ غەشت ئۆتكۈزۈپ قويغۇچى نائىماننى كىتاب ـ قۇر ئېچىپ دېگەندەك پەم ـ ھۈنەر بىلەن رەڭگىرويى بويىچە بىلەلەرمىش، ئىسسىتقۇسى مۇزسىمان دىللارنى قىزىتىپ، چوغقا ئايلاندۇرسا، سو-ۋۇتقۇسى چوغسىمان دىللارنى سوۋۇتۇپ، مۇزغا ئايلاندۇرارمىش. مول-لابۇفنىڭ كارامىتىدىن دالالەت بەرگۈچى مۇنۇ ھېكايەت يۇرتتا كەڭ تارقالغانىدى:

كۆڭلى بىر ئۇز ئايالغا چۈشكەن بىر بويتاق نەۋقىران موللابۇف-تىن ئۇ ئايالنى ئىسسىتقۇ بىلەن ئۆزىگە قارىتىپ، قىزىقتۇرۇپ بې-رىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. موللا تاماشا بولسۇن دەپ، قازناقتىكى قېتىپ كەتكەن چىشى كالا تېزىسىگە ئوقۇغانىكەن، جان كىرىپ، ئىشقىۋاز بولغان تېزە ھېلىقى يىگىت نەگە بارسا كەينىدىن تاراقشىپ، ئەگە-شىپلا يۈرۈپتۇ. يىگىت تالاي مەرتەم خىجالەت ـ رەسۋا بولۇپ، ئاخى-رى موللابۇفتىن يېلىنىپ تۇرۇپ ياردەم سوراپتۇ. موللابۇف يەنە سو-

ۋۆتقۆ بىلەن يىگىتكە چاپلىشىۋالغان تېرىنى بىردەمدىلا يىگىتتىن ئاجرىتىپ، جانسىز ئەسكى تېرە هالىتىگە كەلتۆرۆپتۆ. بۆلا ئەمەس، موللابۆف يەنە دۆئا ـ ئەپسۆن بىلەن ئۆرۆك مېغىزىنى تۆۋرۆككە ياماشتۆرۆپ، ئاللىكىملەرنى هالىڭ ـ تاڭ قالدۆرغانمىش.

ياغاچ ئىلمەكتەك ئېڭىكى توختىماي تىترەپ تۆرغان كارامەتلىك موللا ـ قۆرئانداز قۆر ئاچتى. كۆمۆش هالقىسىنى يوقۆتۆپ قويغۆچى بىسەرەمجان هاجەتمەن تۆرنىڭ لېۋىگە سېلىنغان مەخمەل سېلىنچا ئۆستىدە تەخىرسىز هالەتتە ئولتۆراتتى. باياتىن مۆھتەرەم، يېڭى مېهماننى ئارپا نان، سۆتلۆك چاي بىلەن كۆتۆۋالغان، موللا دادىسىنىڭ كارامىتىگە سايراپ تەهسىن ئوقۆغۆچى موللاقىزى ئوچاق سۆپىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۆرۆپ، قاچا ـ قوشۆق يۆيۆۋېتىپ، ئۆزىچە شەكسىراپ تۆر تەرەپكە چەكچىيىپ قاراپ ـ قاراپ قوياتتى.

قۆرئانداز موللابۆف كىتابتىن كۆزىنى ئۆزۆپ تۆڭلۆككە تىكىلدى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ تۆرۆپ «جەۋلانۆس» دەپ پىچىرلاپ قويدى، ئاندىن تەئەججۆپلەنگەن نىگارغا قاراپ تەييار چۆچەكتىن سۆز ئاچتى:

«ناهايىتى قەدىمكى زامانلاردا، تىزناپ دياردا هەسەن تىترو ① ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن... ئۆ دىن ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن بولۆپ، «چېهىل ـ ئىسىم» ئارقىلىق هەرقانداق دېۋە ـ پەرىلەرنى ئۆزىگە قارىتالايدىكەن.

① هەسەن تىترو رىۋايىتى «تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۆئەسى» دېگەن كىتابتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ھەسەن تىترو بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر بوۋاي ئۇنىڭغا:

— سەن دەرھال بېرىپ، يۇرتداشلىرىڭغا خەۋەر قىل، ئەتە شىن-گاندىن دەھشەتلىك قىيان كېلىپ پۈتۈن تىزناپ كەنتىنى باسىدۇ. ئۇلار دەرھال كەنتتىن چىقىپ كەتسۇن، — دەپتۇ.

ھەسەن تىترو ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىدىكىلەرنى ئويغىتىپتۇ ۋە چۈشىنى دەپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ:

— كەنتتىن چىقىپ كېتىڭلار، چۈشۈمدە ئايان بولدىكى ئەتە شىنگاندىن دەھشەتلىك قىيان كېلىپ پۈتۈن تىزناپ كەنتىنى باسى-دۇ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ. يۇرتتىكى بىر قىسىم مويسىپىتلار:

— ھەسەن تىترو چىھىل - ئىسىم ئەزەمنى كۆپ ئوقۇپ، ئەقلى-دىن ئېزىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دەپ، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ. ھەتتا ئۆز ئۆيىدىكىلىرىمۇ:

— سەن يۇرتقا ۋەھىمە سېلىۋاتسەن، — دەپ ئۇنىڭ گېپىگە ئى-شەنمەپتۇ.

ھەسەن تىترو يېتەرلىك ئوزۇق ئېلىپ، ئۆزى يالغۇز لىنژاك جىلغىسىغا كىرىپتۇ. ھەسەن تىترو يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ مې-ڭىپتۇ... ھەسەن تىترو شۇنداق قارىغانىكەن، پەرىلەر نەغمە - ناۋا قى-لىشىپ، توي بەزمىسى قىلىشىۋاتقۇدەك. ھەسەن تىترونىڭ پەرىلەر-نىڭ گۈزىلى جەۋلانۇس پەرىگە كۆزى چۈشۈپتۇ... ھەسەن تىترو جەۋ-لانۇس پەرىنى ئۆزىگە نىكاھلاپ، تاغ ئارىسىدا كەپە ياساپ جەۋلانۇس

پەرى بىلەن ئۇ يەردە ياشاپتۇ.

جەۋلانۇس پەرىنىڭ كۆزى يورۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. جەۋلا-نۇس پەرى كېيىن يەنە بىر قىزمۇ تۇغۇپتۇ. بالىلار چوڭ بوپتۇ، جەۋ-لانۇس پەرى بىركۈنى بالىلىرىنى چاقىرىپ:

— بالىلىرىم سىرتتا بىرەر سۆز ياكى سادانى ئاڭلىساڭلار ئۆيگە كىرىپ ماڭا دېمەڭلار، — دەپ تاپىلاپتۇ. بىركۈنى جەۋلانۇس پەرى خېمىر يۇغۇرىۋاتقاندا قىزى كىرىپ :

— ئانا، ئاسماندىن «بالام ـ بالام ئادەم بالىسىغا تەگكەن شور پې-شانە بالام» دېگەن سادا كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان جەۋلانۇس پەرى قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ، كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ تۈڭلۈكتىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ھەسەن تىترو كەچتە ئوۋدىن قايتىپ كەلسە جەۋلانۇس پەرى ئالدىغا چىقماپتۇ، ئۆيگە كىرىپ قارىسا ئايالى يوق»...

ئۇزۇن گەپنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرۇپ بولغان موللىنىڭ پەرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان گېپىگە رام بولغان ساددا ئاجىزەگە ئېيتقان «چىن سۆزى» مۇنۇ بولدى:

سېنىڭ كۇمۇش ھالقاڭنى كەپتەرگە ئايلىنىپ تۈڭلۈكتىن ئۇچۇپ كەتكەن، ھازىر بولسا خىلۋەت قىيادىكى كەپتەرخانىدا بەك تەنھا ياشاۋاتقان جەۋلانۇس پەرى ئوغرىلاپتۇ...

## (4)

نىگار چېلەكنى سۇغا پاتۇرۇپ ـ پاتۇرۇپ سۇ ئېلىۋالغاندىن كېيىن، مەغرىب داۋىنىنىڭ گەجگىسىگە يۆگىلىپ، ئاسماننىڭ قەرد-گە سوزۇلغان ئۇچەيسىمان يولنى بويلاپ يۇقىرىغا يامىشىۋاتقان، قارد-سى غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان ئاتلىق كىشىلەرگە قاراپ ئۆزىنى ھىجران ئا-زابى گىردابىدا تۇنجۇقۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. لوپ ھافىز بىلەن ئوغلى نەۋ ھافىز چالىدىغان «خېگنۇن راۋابى»نىڭ سىپتا، نېپىز خەرەكىدەك بۇرنىنىڭ ئىككى يېقىنى بويلاپ ياش ئاقتى. «فەلەك» مۇقامىغا ئېسقىرتقىنىچە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دەريا بويىغا ـــ مۇساپىر بۇۋىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەن ياش يىگىت: ـــ ئانا، ياخشىمۇ سەن؟ ـــ دەپ نىگارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

نىگارنىڭ چىرايىنى ھەيرانلىق قاپلىدى، چۈنكى قېشىدا يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولغان بۇ بالا نىگارنىڭ ئېرى سەيىدزادىگە قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايتتى. « ـــ بۇ ياقىنىڭ چىرايى نېمىشقىمۇ ئېرىمە-نىڭكىنى تارتقاندۇ؟ بۇ كىم...؟» دېدى نىگار كۆڭلىدە.

ـــ مەن لوپ ھافىزنىڭ ئوغلى نەۋھافىز بولىمەن، ـــ ئانا، يىگىت دەرھال بۇۋىزادە بىلەن سەممىمىي قول سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى.

شەمشادنىڭ سەرگۈزەشتىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «لوپ ھافىز» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ، نىگار ئۈن ـ تىنسىز بېشىنى لىڭ-شىتىپ بىرھازا ئويغا چۆمدى. نەۋھافىز ئۆزىنىڭ پىرى سەيىدزادە

شاھانە تون كىيىپ «ئەشقەر»گە مىنگەن ئاشۇ خەيرلىك سۇمبۇلە تو-يىدا كېلىن كۆچۈرگۈچىلەر قاتارىدا نىگارنىڭ دىيارىغا قەدەم باسقان-لىقىنى، كېلىن كۆچۈرىدىغان چاغدا ئادەت بويىچە، «بۇنيادلىق» ئۈچۈن بىر كۆك لېگەننى تىقىۋېلىپ، ئۇنى يىگىت تەرەپتىكى ئۆيىنىڭ ئىگىسىگە بېرىپ قويغانلىقىنى بايان قىلىۋېدى، خىيالى ئۇ-زۇلگەن نىگار ھافىزغا يالتىيىپ قاراپ: — كۆك سىرلىق لېگەن؟! — دەۋەتتى.

بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن نىگار لەۋ يېرىپ، كۆك سىرلىق لېگەن ھەققىدە قىسقا بىر ھېكايىنى سۆزلەپ ئۆتتى:

ئانام ماڭا قورساق كۆتۈرۈپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، دىيارى-مىزدىكى «كىچىك زەرەپشان» دەرياسىنىڭ لېۋىدە كىر يۇيۇۋاتقاندا بىر دۈگىلەك نەرسە سۇدا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ ئېقىپ كېلىپ ئانامنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. ئېغىر ئاياغ ئانام تەستە ئېڭىشىپ، ئۇ نەرسىنى سۇدىن سۈزۈپ ئاپتۇ ۋە قارىغۇدەك بولسا چىرايلىققىنە كۆك سىرلىق لېگەن ئىكەن. ئەنە شۇ لېگەن سۇدىن سۈزۈپ ئېلىن-غان كۈننىڭ ئەتىسى، بۈرۈن قىيىن تۇغۇت ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان ئانامنىڭ كۆزى ئاسانلا يورۇپ مەن تۇغۇلغان ئىكەنمەن.

نەۋھافىز تەسىرلىنىپ، ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئانا، ئۇنداقتا ئۇ خاسىيەتلىك لېگەن ھەقىقىي «بۇنيادلىق» بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن، ئۇ «بۇنيادلىق» بىلەن پىرىم سەيىدزادە ئىككىڭلارنىڭ ئائىلىۋى ئۇلى مەزمۇت بولغۇسى!

دېگىنىڭدەك بولغاي، ئىنىم نەۋھافىز، — دېدى نىگار ۋە ئاجىزانە كەيپىياتتا قوشۇپ قويدى، — مەن ياتلىق بولۇپ ئىككى ئايدىن بېرى، بۇ يات دىياردا ياد ئېتىش، سېغىنىش ئوتىدا ئۆرتىنىپلا كەلدىم. تويدىن كېيىن يۇزۇمنى كۆرۇش ئۇچۇن كەلگەن ئاكام، يەڭگەم، سىڭلىم ئەۋزا مەن بىلەن بىرقانچە كۇن بىللە بولۇشۇپ، سۇلغۇن روھىمنى بىردەم ئېچىلدۇرۇپ، مانا بۇگۇن ئەتىگەن مەن بىلەن خوشلىشىپ، داۋانغا يامىشىپ... كۆزۇمدىن غايىب بولۇشتى.

كۆزلىرىدىن ياش ئېتىلىپ چىققان نىگارنىڭ سۇلغۇن كۆڭلىنى ياساش ئۇچۇن نەۋھافىز مۇنۇ قوشاقنى ئاھاڭى بىلەن ئوقۇدى:

مەن دۇختەر، دىيارىم ۋەچە ①، بەلدىر②، تۇلۇڭ③،

ۋە ياكى دىيارىم بەلدىر ④، مەرياڭ ⑤، پىل⑥.

تاشقورغان كېلىنى بولسام كۆكلەيمەن،

بەختىيار شەمشاد بوپ ياشايمەن يۇز يىل.

«تاشقورغان كېلىنى» بۇ قوشاقتىن ئىلھاملاندى بولغاي، كۆز يېشىنى قىزىل رومالىنىڭ ئۇچى بىلەن سۇرتۇۋېتىپ، شادىيانە كۇلۇمسىرىدى.

شۇ ئەسنادا چىغزاردىكى بىر جۇپ چېقىر كۆز سەممىمي، سۆھبەتلىشۋاتقان يىگىت بىلەن چوكاننى مارىماقتا ئىدى.

---

①ۋەچە، ②بەلدىر، ③تۇلۇڭ، ④بەلدىر، ⑤مەرياڭ، ⑥پىل — جاي ناملىرى.

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ چۈشتىن كېيىنكى كۆن نۇرىدا ياغاچ ئارا بىلەن يايما خامانىي دۆۋىلەپ قۇرۇتۇۋاتقان سەيدزادە بىلەن پاراڭلە-
شىۋاتقان ئايال تەخىرسىزلىك بىلەن سەيدزادىغا يېقىن كېلىپ، ئاغ-
زىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ تۇرۇپ، بىرنېمە دەپ پىچىرلىۋېدى، سەيدزادە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ياغاچ ئارىنى كۆچەپ خامان دۆ-
ۋىسىنىڭ ئۈستىگە ئىلىكچىلاپ سانجىپ قويۇپ:

— ھە، بۇ گەپچە جانجىگەر مۇرتىم مېنىڭ ساقىلىمنى دەسسە-
مەكچى بولۇپ يۈرۈپتۇ - دە! دېدى ۋە سۆزىنى بىرىنىڭ ئاڭلاپ قېلى-
شىدىن ئەنسىرىگەندەك ئەتراپقا چەكچىيىپ قاراپ قويدى. سەيدزادى-
نىڭ ئەسەبىي ھالىتىدىن ئۆزىچە مەززە ئېلىۋاتقان نىزاخور نازىياپ قا-
قاقلاپ كۆلۈۋەتكەندىن كېيىن:

— «خىسراۋنىڭ قوينىدا ياتار شېرىنجان، فەرھادى بىھۇدە چې-
كىدۇ پىغان» — دەپ، سەيدزادىنىڭ ئەسەبىيلىگىنى تېخىمۇ كۆچەيتىۋەتتى.

— ئۇ شېرىنجان ئەمەس، مەن فەرھاد ئەمەس، ئۇ مەن بىلەن نى-
كاھداش خوتۇنۇم! ئۇ خىلۋەتگاھلاردا ئەر كىشى بىلەن بىللە بولسا، مەن سەيدزادە ئەر يالاقتا تاشلىنىپ ئىتقا يەم بولۇپ كەتمەمدىمەن؟!

— بىھۇدە پىغان چەكمەي، دېيىشىۋالغىنىمىز بويىچە كەپىگە با-
رايلىچۇ، — دېدى نازىياپ نازلانغان ھالدا.

— سەن بارغاچ تۇر، مەن ئۇ خىسراۋ سۆيەرنى... — دەپلا گۇس - گۇس دەسسەپ ئۆي تەرەپكە مېڭىپ كەتتى سەيدزادە.

چىرايىدىن كۈلكە ئۆرلەپ تۇرغان، تەن بىلەن تامبالنى سوقۇش- قا سالىدىغان جىدەل ئەنگىز ئايال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر هازا قاراپ تۇردى.

— بۇ سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن دەريا بويىغا بارغاندا نەۋھافىز بىلەن بىللە بوپتۇ، — دېدى سەيىدزادە ئىشكتىن كىرىپلا بىگىز بار- مىقىنى ئەمدىلا قازان - قومۇچنى يۇيۇپ بولۇپ ئوچاق سۇپىسىدا كۆك سىرلىق لېگەننى قولىدا تۇتۇپ ئولتۇرغان ئايالىغا قارىتىپ تۇرۇپ.

— نېمە؟ — كۈلۈك لېۋىدە كىيىم ياماپ ئولتۇرغان مەك بۇۋى تاپىنىغا تىكەن سانجىلغاندەك ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە: — بۇ، ئۆي بىلەن دەريا بويىنىڭ ئارىلىقىدا سېغىزدۆك بولغاچقا، مېنى ئۆيدىكىلەر كۆرەلمەيدۇ، دەپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

بوي - بەستى پەۋقۇلئاددە يوغان بولغاچقا «ئەفلاتۇن» دەپ سۈپەت- لىنىپ كېلىۋاتقان سەيىد هېلىلا مۇرىتلاردىن بىرى سېپىنى پاتاڭ بىلەن ئېلىكلىرىگە باغلاپ چىڭىتىپ بەرگەن ياغاچ ئارىنى ئوغلىغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— سەن نىكاھ سۈيىنى ئىچكەندىن كېيىن، مەن خوتۇننى باش- قۇرغۇچى ئەر كىشى، خوتۇن ئاجىز، مەن كۈچلۈك دەپ خوتۇنۇڭنىڭ پۇتىنى دەسسىگەنمىدىڭ؟ ئەگەرچەندە... — دەپلا ئوغلىغا مەنىلىك ئا- لىيىپ قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

بۇ گەپتىن پوستىغا شامال كىرگەن «كۈچلۈك ئەر» پامىرنىڭ

قارا بوركوتىدەك ئېتىلىپ بېرىپ، «ئاجىز خوتۇن»نى چېچىدىن تۇتۇپ پەگاھقا سۆرەپ چۈشۈپ، دەسسەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. نىگارنىڭ نالىسى ئۆينى لەرزىگە سالدى.

مەڭ بوۋى ئوچاق ئۈستىدە دوم ھالەتتە تاشلىنىپ ياتقان كۆك سىرلىق لېگەننى ئېلىپ، «خوپ بولدى» دېگىنىچە قازناققا كىرىپ كەتتى. ئېچىنىشلىق نالە بىرئاز پەسەيگەن ۋاقىتتا، پىر ـ سەيىدگە خامان قۇرۇتۇشقا ياردەملەشكىلى كەلگەن دائىمىي ھەمكار مۇرىت ئىـ شىكنى ئېچىپلا ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان، دوپپىسى بىلەن رو- مىلى كۆلۈڭدىكى كۆلگە، ئۆزى بولسا پەگاھدا توپىغا مىلىنىپ، پوستەك پارچىسىدەك سالپىيىپ سوزۇلۇپ ياتقان كىشىنى كۆرۈپ، ئىتتىك ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يېنىپ چىققانچە، ئىلدام قەدەم تاشلاپ، كەنتنىڭ غەربىي يېقىدىكى جامائەتخانا بىلەن بىر يەردىكى قوش قو- ۋۇقى قىبلە تەرەپكە قارىغان بالىخانىلىق ئۆي تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

***

— سۇدا ئېقىپ كەتكەچكە، قورقىنىدىن چېپىپ يۈرۈپ، قىر- غاققا ئاران چىقالىغان تۈلكە سۇغا قاراپ «ھەي سۇ، ئەسكى خۇيۇڭنى تاشلىمىساڭ يەنە تالاي مەرتەم يوق يەيسەن» دەپتىكەن. سەنمۇ، نىگار، ئەسكى خۇيۇڭنى تاشلىمىساڭ... بولدى، ساڭا شۇنى دەپ قويايكى، رەختارىڭغا دىققەت قىلماي، نىكاھ ئۇلۇڭغا سۇ كىرىپ كەتسە، بۇ «بۇنيادلىق» ھەرگىز كارغا كەلمەيدۇ!

قازناقتىن ھېلىقى لېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئوچاقنىڭ ئالدى-
غا كېلىپ توختىغان گەپدان مەڭ بۇۋى گېپىنى تۈگىتىپلا كۆك
سىرلىق لېگەننى گىرۋىكىدىن تۇتۇپ كۇلۇڭنىڭ تاش لېۋىگە ئۇرىۋې-
دى، لېگەننىڭ تاراڭشىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ھالسىز نىگار ئورنى-
دىن ئەندىكىپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۆزىچە مەغرۇرلانغان قېيىنئانىسىغا
ئەلەم بىلەن تىكىلدى.

سەيىد ياغاچ ئارا بىلەن سامانلىقتىكى ئەسكى سامانىنى بۇلۇڭغا
دۆۋىلەۋېتىپ: «— ئەگەرچەندە رەفتارىغا دىققەت قىلمىسا نامىمىز
مۇشۇ ساماندەك سېسىپ، ئالەمگە پۇر كېتىدۇ» — دېدى.

ناسۇۋال خۇمارى تۇتۇپ تۇرغان سەيىد جىلە بولغان ھالدا ياغاچ
ئارىنى سامان دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، «يالغانچى مۇرد-
تىم ياردەملەشكىلى كەلمىدىغۇ؟» دەپ غۇدۇراپ قويغىنىچە، قازناق-
نىڭ سامانلىقتا قارايدىغان تېمىدىكى روجەككە يوغان قاڭشارلىق بۇر-
نىنى تىقىپ تۈۋلىدى:

— ئەي بۇۋى، چاكاندا، ئاۋۇ چاققان بېرىپ، چاكاندا جىلغىسى-
دىن چاكاندا ئەكېلىپ بەرسۇن.

قازناق ئىچىدىن تەنەكار قېيىنئانىسىنىڭ كېلىنىگە قىلغان
ئاچچىق بۇيرۇقى ئاڭلاندى.

***

سەيىدزادە بىلەن نازىياپ خاتىرجەم ھالدا خىلىۋەتگاھدىكى ئىشـ
ـرەتخانىسى ــ كەپىگە كىرىپ كەتتى. كەينى تەرىپىگە قوياش پېتىۋاتـ
قان، ئالدىغا سەل مۆكچىيىپ سۇكۇتتە تۇرغان قىيادىن سايە چۈشۈپ
تۇرغان چاكاندا جىلغىسىدا چاكاندا يۇلۇۋاتقان، قىزىل رومىلى
«كۆلتا» سىنىڭ ئۈستىدىن ئالدىغا سېرىلىپ يۈزىنى يىرىم يېپىپ
تۇرغان، ئىيتاۋۇر، ئۈستىبېشى چۇۋۇق ـ مالىمان نىگار چاكاندىدىن
باشقا ھېچنېمىنى كۆرمىدى.

«شاھ تۇۋرۇك» نىڭ لىمغا يېقىنراق يېرىگە بېكىتىلگەن قەدىـ
ـمىي ياغاچ چىراغپاي ئۈستىدىكى كىرسىن چىراغ غۇۋا يورۇتۇپ
تۇرغان ئۆيدە، كۆك تاماكا بىلەن چاكاندا كۆلىدىن ناسىۋالكەش قېـ
ـيىنئاتىسىغا ناسىۋال تەييارلاۋاتقان قارام ـ تەلۋە ئىككى پوتلۇق ئادىـ
ـمىي ھايۋاننىڭ ئايىغىدا تىرىك خامان ئورنىدا پايخان بولغان نىگار ـ
نىڭ قەلبى، مۇشۇ تاپتا ناسىۋالدىنمۇ ئاچچىق تۇيغۇ ـ ھېسلار قاچىـ
ـلانغان ناسىۋالدان ئىدى.

بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، خۇددى چاكاندا جىلغىسىدىن
يامراپ كەلگەن تاشقىنىنى تىزگىنلەشكە ئاتلانغاندەك، ناشتىلىق
سۇتلۇك چاينى ھاپىلا ـ شاپىلا ئىچىپلا، بالىخانىلىق ئۆيىدىن
چىقىپ، ئېگىزلىقنى چىڭ ـ چىڭ دەسسەپ كېلىۋاتقان تەق ـ تۇرقىـ
ـدىن پۈتۈن ـ كامىل دىندار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان بۇ زات تونۇلـ
ـغان دىنىي ئەرباب، موكى ئەزەم ئىدى.

موكى خىرمانجايدا ئارپا خامانىنى چارۋا - مالدىن مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان ژورجى① سەيدىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئاۋۋال ژورجى بىلەن قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن يانچۇقىدىن كىچىككىنە كۈمۈش ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ خۇش چىراي بىلەن ژورجىغا تەڭلىدى. سەيدمۇ يانچۇقىدىن ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ ژورجىغا تەڭلىدى.

موكى كالپۇكى ئاستىدىكى ئاچچىق ناسۋالنى شۈمۈرۈۋېتىپ سۆزىنى غەلىتە ئاھاڭدا باشلىدى.

— ژورجىم، قىزىم نىگارنى تونۇغۇن كىم، نېمە ۋەجىدىن ئۇرغانىدى؟ سەن ئائىلە بېشى، بۇنى بىلمەي قالمايسەن، ئەلۋەتتە.

— ئۇنى ئېرى ئۇردى، سەۋەن - ئىۋەنى ۋەجىدىن ئۇردى، موكى ئەزەم.

سەۋەن - ئىۋەنى بار ئادەم دۇمبا - تاياق بىلەن ئەمەس، ۋەز - تەربىيەت بىلەن تۈزۈلىدۇ، — دېدى موكى ئەزەم.

— موكى ئەزەم، ئائىلىمىزدە تونۇگۇن يۈز بەرگەن ماجىرا - جاڭجالدىن قانداق خەۋەر تاپتىڭكىن؟

سەيىد ئاغزىدىكى ناسۋالنى ئەتەي تۈكۈرۈۋېتىپ، ئەجەبلەنگەن

① ژورجى — تويدا قىزتەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن قىز - يىگىتكە پەدەرخان ( ۋەكىل دادا ) تەيىنلىنىدۇ. ئەنە شۇ پەدەرخان بىلەن قىز - يىگىت تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى ئۆزئارا «ژورج» بولىشىدۇ ھەم بىر - بىرىنى « ژورج» دەپ ئاتىشىدۇ.

هالدا سورىدى.

جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتىم، ــ موكى ناسىۋالنى تۇكۇرۇۋېتىپ نورمال تەلەپپۇزدا باشقىدىن سۆزلىدى، ــ نىگارغا كەلسەك، مەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تە- رىپىدىن تەيىنلەنگەن پەدەرخانى، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش، بې- شىنى سىلاپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش پەدەرخانلىق بۇرچۇمدۇر، مەن يەنە ئوغلۇڭنىڭمۇ پەدەرخانى، دېمەككى، مەن ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پەدەرخانى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئوغلۇڭ ۋە كېلىنىڭنىڭ ئىككى دۇنيالىق دادىسىمەن! كەلامى خۇلاسە: مەن بىلەن سەن قوش دادا، ئايالىڭ بىلەن ئايالىم قوش ئانا، بىز پەرزەنت- داش ـ ژورج بولۇشتۇق. شۇنداق ئىكەن، بىز يېڭى ئەر ـ خوتۇنغا ناماز ـ مۇناجات ئۇستىدە ھەقتا ئاللاھدىن، مەۋلانەئەلىدىن تەۋپىق، تۇز شىئار تىلەيلى، ئۇلارنىڭ قەلبىگە پەند ـ نەسىھەتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچايلى. بولۇپمۇ، ژورجىم مەڭ بۇۋى دىيارنىڭ ئۇلگىسى، قېيىنئا- نىلارنىڭ كۆزى سوخسۇردەك كېلىنپەرۋەر قېيىنئانا بولسۇن، پىسە- رىم ( ئوغلۇم) سەيىدزادىمۇ ستەمكار ئەر ئەمەس، مېھىردار ئەر بولسۇن، سۆزۇم تامام، ئاخىرقى دەۋەتىم شۇكى: قىزىم نىگار مەن بىلەن ئۆيۈمگە بېرىپ، مادەرى بىلەن كۆرۈشۈۋالسۇن.

سەيىد باش لىڭشىتىپ «ماقۇل» دەۋەتتى.

موكىنىڭ دەۋەتىگە ئەلۋەتتە «ياق» دېيىشكە سەيىدنىڭ تىلى چولتا ئىدى. چۈنكى، ئۇ دېگەن موكى ئەزەم ــ مەھەللىنىڭ ئىمامى،

ھەتتا، «تاش قەلئە» نىڭ ئەربابى. ئۇ ھەم ھۆكۈمەت، ھەم ئىمامەت (دىنىي) ئىشلار خەلقنىڭ ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولغان شەخس. قايسى يىلى بىر قىسىم بىيۇروكرات ئەمەلدارلار يۇقىرىدىن نامرات رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۇچۇن ئاجراتقان مەبلەغدىن ئۆزلىرى پايدا ـ نەپ ئېلىشنى كۆزلەپ، «تاش قەلئە» دېھقانلىرىغا مەجبۇرەن ئاللىنې-مىنى پىلانسىز، كۆلەملىك تەرگۈزۈپ، «ئېغىر زىيان ـ زەرەر» پەيدا قىلغاندا، موكى ئەزەم ئايماققا بېرىپ، ئەرز قىلىپ، نەتىجىدە، ھەققا-نىيەتنى نۇرلاندۇرۇپ «تاش قەلئە» دېھقانلىرىنىڭ تەشەككۈرىگە نائىل بولغان!

***

— «ئىككى دۇنيالىق داداڭ» غا ئۇستىمىزدىن ئەرز ـ شىكايەت قىلمىغانسەن؟ — تۆردە «دىنىي دەستۇر» ئوقۇپ ئولتۇرغان سەيد كىتابتىن كۆزىنى ئۈزۈپ پەگاھدا خۇدۇكسىرەپقىنە تۇرغان كېلىنى-دىن سورىدى قوپال ئاھاڭدا.

— ياق، دادا، ئاغرىنىپ، دەرد تۆككەن بولسام ھەزرەتى ئەلىنىڭ زۇلفىقارى بىلەن تىلىم كېسىلسۇن —، دېدى نىگار سەل جىددىيلە-شىپ.

— سەن ئەرز قىلىپ، دەرد تۆكمىسەڭ موكى ئەزەم قانداقسىگە تۇنۇگۇنكى ماجىرادىن...

سول تۆردە سوزۇلۇپ ئولتۇرۇپ، تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئاشنى-

دارچىلىق پەيزىنى خىيالەن سۇرۇۋاتقان، تېخى تونۇگۇنلا موكى پەدە-
رىدىن ئۆتكۇر ۋەز - نەسھەت ئاڭلاپ، ئىچى سانجىققا تولغان سەيدزا-
دە بىردىن لەززەتلىك خىياللىرىدىن ئويغىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا
تەمشىلىپ تۇرغاندا، دادىسىنىڭ : — قەھرىڭنى باس، ئەگەرچەندە...
— دېگەن سۆزى بىلەن پەسكويغا چۈشۈپ، يەنە خىيالغا چۆكتى.

ئوچاق ئوتىنى كۆسەي بىلەن كوچىلاپ ئۇلغايتىۋاتقان مەڭ
بۇۋى كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ھە، ئەمدى تاش قارانچۇقتەك جايىڭدا قېتىپ تۇرىۋەرمەي،
ماۋۇ ئوتقا قاراپ قوي، — دەپ قارا كۆسەينى زەردە بىلەن كېلىنىگە
تەڭلىدى. مۇشۇ تاپتا مەڭ بۇۋىمۇ موكى ئەزىمىنىڭ دانا تەربىيەسى
بىلەن ئەكسىچە تېخىمۇ زەھەرخەندە بولۇپ قالغانىدى. بىر كۇن بالى-
خانىلىق ئۆيدە پەدەر ۋە مادەرنىڭ مېھىر - كۆيۈم قايمىقىغا چىلانغان
قوللىرىدا چېكە چېچى، يۈز - كۆزلىرى سىلانغان نىگار كۇن ئول-
تۇرغان مەھەلدە، گۇلدار كېپىنەكتەك تېز ئۇچۇپ ئۆيگە قايتىپ
كىرگەندە زەھەر ئارىلاش مۇئامىلىگە ئۇچراپ، يەنە روھى سولغۇن ھا-
لىتىگە قايتقانىدى.

***

كەنتتە خامان تېپىش ئەمگىكى باشلانغان ئىدى. جىمى ياقتىن
ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك خامانچىلار تۇۋلىشىۋاتقان «خامان ناخ-
شىسى» ياڭرايتتى.

جانۋارلىرىم، جانۋارلىرىم،
ماڭايلى تېز، تېز.
قوشاق توقۇپ ئېيتىدۇ،
خامانچى ھافىز...

ئۇنسىز خامانچى نىگارنىڭ ئوي ـ خىيالى، يىراقلارغا ئۇچۇپ بىرىپ، بىر خامانگاھقا قوندى. ئەنە جۇشقۇن بالا نىگار قوشنا مۇرىت ئايالغا ئەگىشىپ، «خامان ناخشىسى» توۋلىغاچ خامان ئۇلاغلىرى كەينىدىن قامچىسىنى ئوينىتىپ، چاققان ـ چاققان ماڭماقتا. ئۇسسۇزلۇق ئىچىشكەچ دەم ئېلىپ ئولتۇرغان باشقا خامانچىلار— ياردەمچى مۇرىتلار نىگارغا زوقلانغان ھالدا قاراپ ـ قاراپ قويۇشماقتا.

ئەنە بالا نىگار ئويۇنداشلىرى بىلەن خامانگاھدا ئارپا غولىنى نەي قىلىپ چالماقتا...

— ئەي خوتۇن، نەۋ ھافىزنىڭ ئاۋازىدىن بىھۇش بولدۇڭمۇ ـ نېمە؟! ئۇلاغ خامان ئۇستىگە شاخىنا قويدى! قېنى ئۇ «تېزەكئالغۇ؟»

جىغان سۇپۇرگىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، ئېتىلىپ كەلگەن ئېرىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ خىيالى ئۈزۈپ تاشلانغان نىگار ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتقىنىچە نېرىغا قاچتى، خامان ئۇلاغلىرى «خامان بېشى ئۇلاغ» نى سۆرەپ ئۇدۇل ئاۋۇ سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق تەرەپكە سىلجىشتى، تەجرىبىدىن مەلۇمكى، خامان تېپىۋاتقان ئۇلاغ سۇ ئىچسە ناكار بولۇپ قالىدۇ، خامانگاھنىڭ نېرىراقىدا دوغ ئىچىشكەچ گۇڭۇر ـ مۇڭۇر پاراڭلىشىپ، دەم ئېلىپ ئولتۇرغان سەيىد بىلەن

ئىككى ئەر مۇرىت دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، سەيىدزادە بىلەن خامان ئۇلاغلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئۇلگۇردى.

«ئەمگەك مالىمانچىلىقى» نى كەلتۇرۇپ چىقارغان نىگار گەرچە تاياق يېمىگەن بولسىمۇ، شۇ كۈنى ئاخشىمى «خىيالىي»، «گالۋاڭ»، «گومۇش» دەپ ئەيىبلىنىپ، ئاھانەتتە قېلىپ، ئۆزى ئەتكەن «قۇرۇت ئۇگرە» نى ئاق زەھەر ئورنىدا ئىچكەنىدى.

**(5)**

تۆت ئوغۇل بار تۆت كېلىن بار، بىر خانە،
قېينىئانا ۋە قېينىئاتا خوپ سەرخانە.
چوڭ تۇغلۇكتىن كىرمەس جىدەل شامىلى،
ئىناق تۇردە ياڭراپ تۇرار شاد نەغمە.

لوپ ھافىز توقۇغان بۇ قوشاقتىكى «خانە»نىڭ ئالدىدىن ھەر قانداق كىشى ئۆتكەندە، ئىچىدە ياكى پەس ئاۋازدا ھاياجان بىلەن «سوخسۇر داستانى»نىڭ بىرەر سەترى (قۇرى)نى ئېيتماي قالمايتتى. بىلەر زۇكام راۋابىدا ئادەتتە سەھەر شام ئىككى ۋاخ «قەسۇيىد» ئېيتىدىغان موكى قايسى كۈنى قىزى نىگارغا «سوخسۇر داستانى» نى تەپسىلاتى بويىچە سۆزلەپ بېرىپ، ۋۇجۇدىنى ئىزگۇ تەسىراتنىڭ شولا – تەجەللىسى بىلەن يورۇتىۋەتكەنىدى. نىگار ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر قېتىم دەريا بويىغا سۇ ئېلىش ئۈچۈن بارغاندا ئاشۇ «تۆت

ئوغۇل، توّت كېلىن بار» ئوّيگە قاراپ خىيال دولقۇنى ئۇستىدە لەيـ
لەيتتى. «سوخسۇر داستانى» ئۇنى ئىختىيارسىز يىراقلارغا ئېلىپ
كېتەتتى.

كالا باققۇچى سوخسۇرئىسىملىك قىز كۇنلەرنىڭ بىر كۇنى
گۇزەل ياز پەسلىدە، «قەشەڭ يايلىقى» دا كالا بېقىۋاتقاندا، كوّزىگە
ئوت ـ چوّپ، گۇل ـ گىياھلار ئارىسىدا رەڭگىسىراپقىنە ئۇنۇپ تۇرغان
بىر گۇل چېلىقىپ قالدى.

ئۇ گۇل شۇنداق گۇل ئىدىكى:
ئادەمسىمان بىر گۇل ئۇ،
تىلى بار گەجگىسىدە.
ئىسمى نامى نېمىكىن ؟
ئىسمى بارمىش ئەسلىدە.

ئىسمىم زىبتەربۇگاۋن، ــ گۇل توساتتىن زۇۋانغا كېلىپ غەـ
لىتە ئىسمىنى دەپ بەردى.

نېمە سەۋەبتىن تىلىڭ گەجگەڭگە چىقىپ قالغان؟

سوخسۇر قىزىققان ھالدا گۇلگە ئېگىشىپ سىنچىلاپ قاراپ سوـ
رىدى.

غەلىتە گۇل ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ سەرگۇزەشتىسىنى
بايان ئەيلىدى:

مەن مۇز تاغدىكى ئېرى باي پەرىشتىنىڭ چارۋىسىنى بېقىۋاتقانـ

دا، جۇدۇندا قېلىپ مۇزلاپ ئۆلگەن ياشانغان تۇل ئايالنىڭ كېلىنى، مۆمىن، ياۋاش بىر چوپاننىڭ ئايالى ئىدىم. مەن ياتلىق بولۇپ ئارىدىن ئاران بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خۇيۇم ئۆزگىرىپ، ئۇزۇن ئەقلىم قىسقىراپ، قىسقا تىلىم ئۇزىراپ قالدى. «تاكاللاشقاق»، «گەدەنكەش»، «بەدخۇي» دېگەن نامىم قارا بۇلۇت بولۇپ پەرىشتە ماكانى مۇز تاغنىڭ كۆكسىگە يېيىلدى.

مەن بىز بىلەن تاغداش تائىپە ـ پەرىشتىلەرنىڭ مېنى ھەقلىق ھالدا ئالدىمدا ۋە كەينىمدە لەنەتلىشىگە قىلچىمۇ پەرۋا قىلماي، تېخىمۇ بىزەڭ بولۇپ، تامبىلىمنى بويۇنلۇق ئورنىدا بوينۇمغا يۆگىۋېلىپ، پوستۇمنى تەتۈر ئۆرۈپ يۇرىۋەردىم.

بىركۈنى قېيىنئانام مېنى ئانچە يىراقتا بولمىغان جىرادىكى سۈت بۇلاقتىن سۈت ئەكېلىشكە بۇيرىۋېدى، مەن بەدىنىمنى تولغاپ، سەدەپلىك چېچىمنى سىلكىپ تۇرۇپ:

— ياق، سۈت بۇلاقتىن سۈت ئەمەس، ياغ بۇلاقتىن ياغ ئەكىلىمەن، — دەپ ئەتەي تەتۈرلۈك قىلىپ تۇرۇۋالدىم. قېيىنئانام ئىلاجسىز «ماقۇل ئەمىسە» دەپ قويدى.

قارا، مەن سۈت بۇلاقتىن سۈتمۇ ئەمەس، ياغ بۇلاقتىن ياغمۇ ئەمەس، ئاۋۇلنىڭ ئارقىسىدىكى ئىت ماياقلاپ يۈرگەن ئويمان يەردىن مەينەت قارنى چىلەككە قاچىلاپ ئەكېلىپ، تاش قازانغا تۆكۈۋەتتىم.

— ۋاي بالامەي، پاكىز قازاننى گەندە ئارىلاش قار بىلەن مەينەت قىلىۋەتتىڭغۇ؟ — قازاناقتىن سۆرىلىپ چىقىۋاتقان قېيىنئانامنىڭ

قورۇق باسقان يۈزىنى يىغا قاپلىدى.

«پىلىك ئايىمى» دا قېيىنئانام مېنى تاغنىڭ ئېتىكىدىكى تەھ-گەرمى كەنتىدىن قوراي تىرىپ ئەكېلىپ، «ئەرۋاھ پىلىكى» تەييار-لاشقا بۇيرىۋېدى، ئوچاق سۇپىسىدا ئىككى پۇتۇمنى ئىككى يانغا كېرىپ ئولتۇرۇپ، قاچا ـ قۇچىلارنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يۇيۇۋاتقان مەن، كۆك سىرلىق لېگەننى داپ قىلىپ چېلىۋېتىپ: ــ ئەرۋاھ پى-لىكى تەييارلايمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرۈشكە چولام يوق، ــ دېدىم ھېچ ئەيمەنمەستىنلا.

قېيىنئانامنىڭ بېشى پىرىدە قېيىپ تۇۋرۇككە يۆلىنىپ قالدى ۋە ئاغزىدىن «تىلىڭ گەجگەڭگە چىقىپ قالغاي ئىلاھىم» دېگەن قارغىش سۆزى چىققان بىلەن تەڭ مەن قولۇمدا تۇتۇپ تۇرغان لېگەن بىلەن بىللە يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا لەيلەپ يۈرۈپ، ئاخىرى بۇ يەرگە تاشلاندىم، ھايال ئۆتمەي تىلىم گەجگەمگە چىقىپ، غەلىتە گۈلگە ئۆزگەردىم.

كۆك سىرلىق لېگەن تاش لېگەنگە ئۆزگەردى، ئۇ ئەنە ئاۋۇ يەردە تاشلىنىپ ياتىدۇ، سەن ئۇنى ئېلىپ ئۆيۈڭگە ئەپكەت. ئۇ بىر يادىكار، ئەستىلىك بولۇپ قالسۇن.

گۈلنىڭ زۇۋانى ئۆچتى، سوخسۇر تاش لېگەننى يەردىن ئېلىپ ئۇنى سىلاپ قويغانىدى، تاش لېگەن ئەسلىي ھالىتىگە كەلدى. كالىلار ئوتلاۋاتقان جايدىن خېلىلا يىراقتا قالغان ئۆيگە دەرھال بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسى ئىككى ئاكىسىنى غەلىتە گۈل ھەققىدىكى

گەپ ۋە خاسىيەتلىك لىگەن بىلەن تاڭ قالدۇرۇشنى ئويلاۋاتقان سوخسۇرنىڭ قېشىدا غايىبتىن بىر قوڭۇر ئۆكۈز پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ سوخسۇرغا:

— قىزچاق، مېنى مىنىۋال، مەن سېنى قۇيۇن تېزلىكىدە ئۆ- يۈڭگە ئاپىرىپ، يەنە قۇيۇن تېزلىكىدە بۇ جايغا ئەكىلىپ قويىمەن، دېدى.

ساددا سوخسۇر، ئۆكۈزنى مىنگەن ھامان ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يار يىلىم بىلەن چاپلاپ قويغاندەك مەھكەم چاپلىشىپ قالدى. قوڭۇر ئۆكۈز سۇخسۇرنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان بىر قاراڭغۇ جايغا ئاپىرىپ قويدى.

مەلۇم بولغايكى: قوڭۇر ئۆكۈز ئەسلىدە قوڭۇر ئېيىق بولۇپ، ئۇ سۇخسۇرنى ئاپىرىپ قويغان جاي تاش ئۆڭكۈر ئىدى.

ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن قىزنى قوڭۇر ئېيىق نىكاھىغا ئالدى، كۈنلەر ئۆتۈپ سوخسۇر ئىككى بالا تۇغدى، ئانا سوخسۇر «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم» دەپ ئادىمىي دۇنيادىن تولى- مۇ يىراقتىكى جايدا ھىجراننى ئىرادە ـ ئەقىدە بىلەن يېڭىپ ياشىدى. ئۇ ئېيىق قېيىنئانىسىنىڭ ئاغرىقچان پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ، سىلاپ، چېچىنى تاراپ، پىتلىق پوستىنىنى ئادالاپ بېرەتتى...

بىركۈنى دەريا بويىغا قاچا ـ قۇچا يۇيغىلى چىقىپ كەتكەن سوخسۇر ئۆڭسىلى ئۆچكەن ھالدا «ئۆي» گە كىرىپ، يىغلامسىراپ تۇرۇپ، سىرلىق لىگەننىڭ سۇدا ئېقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىۋېدى،

قىيىنئانىسى:

— ھېچقىسى يوق، بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى، سۇدا ئېقىپ كەتكەن لېگەن — سەن، سۇ — ئادىمىي دۇنيانىڭ ۋەسلىگە ئۇلانغان ئۇزاق يول، — دېدى.

شۇ ئەسنادا ئۇچكۇرنىڭ تاش ئىشىكى ئېچىلىپ، قامەتلىك ئىككى يىگىت كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان يوقالغان سىڭ-لىسىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئاكا - ئۇكا شىراق بىلەن قۇلچاق ئىدى. شىراق ئۇۋ مىلتىقىنى ئېيىق ئانىغا تەڭلەپ تۇرۇپ: — بىز سىڭلى-مىزنى ئادىمىي دۇنياغا ئەكىتىمىز، توسقۇنلۇق قىلساڭ ئۆلتۈرىۋېتىمەن ! - دېدى.

— بۇياق قېيىنئانام بولىدۇ، ئىككى بالام بار، ھازىر تالادا ئوينا-ۋاتىدۇ... — دېدى سوخسۇر ئاكىلىرىغا ئىلتىجالىق قاراپ.

— كېلىنجان، سەن ئەمدى ئادىمىي دۇنيارىڭغا قايت، ماڭا ياخشى قارىدىڭ، بەرىكەت تاپقايسەن، — ئېيىق ئانا شۇنداق دەپ ئۈڭ-كۈردىكى بىر تۆشۈكنىڭ ئاغزىنى ئالدى پۈتى بىلەن كولاشتۇرۇپ ئېچىپ، ئىچىدىن تېرە قاپلىق كىچىككىنە تۇگۈنچەكنى ئېلىپ، ئۇنى سوخسۇرغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— بۇ تۇگۈنچەكتىكى نەرسە رەھمەتلىك ئانام ساھىبقىيادىن تې-پىۋالغان «گۈلى جۇۋان»، بۇنى ھازىرلا سۇغا چىلاپ سۈيىنى ئىچىۋال، — دېدى.

ۋاقىتسىز قېرىپ قالغان سوخسۇر «گۈلى جۇۋان» نىڭ سۈيىنى

ئىچىپ، شۇ ھامان 12 ياشلىق قىز دەۋرىگە قايتتى. ئىككى بالىسى-مۇ، ئېيىق ئېرىمۇ، ئېيىق قېيىنئانىسىمۇ روھىي خاتىرىسىدىن ئۆچتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت «قەشەڭ يايلىقى» دىكى «غەلىتە گۈل» لا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

سوخسۇرنىڭ ئويۇن قېپى ئىككى ئوغلى بىلەن ئوۋچى ئېرى بىرلا ۋاقىتتا كەچ پىشىندە ئۆيگە كىرىپ، ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. سەۋەبى: ئېيىق ئانا ھازا تۇتۇپ ئولتۇراتتى. سوخسۇر كۆرۈنمەيتتى.

— ئوغلۇم، نەۋرىلىرىم، سوخسۇر دەريا بويىدا قاچا - قۇچا يۇيۇۋاتقاندا، سۇغا چۇشۇپ كەتكەن لېگەننى سۇدىن سۈزۈپ ئالىمەن دەپ، لېگەن بىلەن بىللە سۇغا ئېقىپ كەتتى، — دەپلا ھۆكۈرەك ئېيتىپ يىغلىۋەتتى ئېيىق ئانا.

دادا ئېيىق بىشىنى ئىككى - ئۈچ قېتىم كۆچەپ تاش ئىشىككە ۋاقىلدىتىپ ئۇرغاندىن كېيىن، ئىككى بالىسىنى ئالدى پۇتلىرى بىلەن باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، قوشاق توقۇپ نالە - زار قىلدى:

قېنى سوخسۇر، جان سوخسۇر،
قېنى ئېسىل ئايالىم؟
ئەمدى نىچۇك ياشايمەن،
كەلدى ۋاقتى زاۋالىم.

نان تىزىلغان شۇ لېگەن،
يوقتۇر داستىخان ئۈستىدە.
تاش چاينىشىپ ياتماقتا،
تۆت جان سابىت، شىكەستە...

«سوخسۇر داستانى» نىڭ خاتىمىسىنى داستانچى مۇنۇ نەزمە بىلەن چۈشۈردى:

سوخسۇرجان ئۆز ئەركى بويىچە قىلدى توي،
بولدى ئانا ۋە قېيىنئانا ئۇ ئېسىل.
يار پەيزىنى سۇرەر ھەمدىل ئېرىدىن،
تۆت كېلىنى بىلەن ئۆتەر مۆتىدىل.

نىگار ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ، سوخسۇر كەبى بەختىيار تاجىك كېلىنى بولۇشنى ئارزۇ قىلدى.

## (6)

دەريا بويىنى بويلاپ نەۋھافىز كېلىۋاتقاندەك ئالەمچە ئەندىشە بىلەن ئالدىراپ سۇ ئېلىۋاتقان نىگارنى چىغزاردىن بىرى، سېغىز دۆڭ ئۈستىدىكى كۆنگۈرىلىك ئەسكى پۈچۈق تامنىڭ تۆشۈكىدىن بىرى جىددىي مارىماقتا ئىدى.

سېغىز دۆڭ قارىماققا ئاددىي بىر دۆڭ. ئەمما بۇ دۆڭنىڭ تېگىدە بىر قىسسە كۆمۈلۈپ ياتقانمىش.

مەزكۇر قاپىيەلىك قىسسە مۇنداق يېزىلغانىكەن:

«قاچان، قەيەردە ئىكەنلىكى نامەلۇم، ئىشقىلىپ، يېقىنقى زامان-دا، خەيرلىك يا نەس كۈنىدە، بۇزرۇركۋار خوجىنىڭ ئۆيىدە جەددى - جەمەتىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆدۇم — «نىكاھ سىنىقى» ئېلىپ بېرىلدى، كونا ئۆدۇم - ئادەتنىڭ قاتقان تېرىسىدىن داپ كېرىلدى. تۆردە تۇرغان، سول قاپىقىدا قويىنىڭ مايىقىدەك قارا مېڭى بار بوۋى ئانا كۆزلىرى ھەيرەتتىن چەكچىيىپ چاقناپ تۇرغان 13 ياشلىق قى-زىغا قولىدىكى تۇماقنى كۈچەپ ئاتتى.

تۇماق قىزنىڭ بېقىنىغا تېگىپ يەگە دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى. پەگاھدا، ئوچاق سۈپىسىدا تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان 3 ~ 4 ئايال قا-قاقلاپ كۈلۈشتى، ھېلىمۇ ياخشى قاتتىق كۈلۈشكىنىدىن ئۈچەيلە-رى ئۈزۈلمىدى.

— ھاياجان قېنى ئۆركەشلىگەن ئانا، — قىزىم يىقىلىش تۈگۈل تەۋرەپمۇ قويمىدى! — دېدى.

قىز ياتلىق بولۇش يېشىغا توشۇپتۇ دېگەن گەپ ! — دېيىشتى ئايالىلار تەڭلا. ئىچىنى توي ۋەھىمىسى قاپلىغان قىز تۆردىن پەگاھغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. قىز «ياتلىق بولمايمەن» دەپ يىغلاپ - قاخشىدى، دادىسى ئۇنىڭ نالىسىغا پەرۋا قىلمىدى، ئانىسى سۆڭەك نەيدەك ئىنچىكە بىلەكلىرىنى چىمداپ، قۇلىقىنى تولغىدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا : «ئەگەر ياتلىق بولمايمەن دېسەڭ، چېچىڭ قىرقىۋېتىلىپ، ئۆمۈر بويى كالا باقىسەن، — دېدى، ئاتا - ئانىسى-نىڭ ئېغىر تەھدىتى بېچارە قىزغا تىترەك ئولاشتۇردى.

****

ئەسپى باد (شامال ئات ) قا مىنىپ كەلدى «ئەفلاتون»، ئۆچىسىدا بار ئىدى كەڭ، ئۇزۇن چەكمەن تون، ئاتتىن چۈشۈپ ئۇ «مۇنبەر» دىن ئالدى ئورۇن. «پەدەرخان» بۇ تويىنىڭ «قىز رازى، ئوغۇل رازى»، «خەيرىلىك توي» ئىكەنلىكىدىن «دالالەت» بەرگەندىن كېيىن، 13 ياشلىق «رازىمەن قىز» مەجبۇرەن بولدى 25 ياشلىق نەۋقىرانغا خوتۇن...

مويچىن (تۈك ئالغۇ ) بىلەن بۇرۇن تۈكلىرىنى ئېلىۋېتىپ... ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرەتتى قىرىق ياشلىق ئەر ئەفلاتون، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تارتتى جەلىپكار 25 ياشلىق خوتۇن، بۇ خوتۇنىنىڭ چېقىر كۆزلىرى چاقنايتتى چولپاندەك، شەۋقى ـ ئىشقى لاۋۇلداپ ياناتتى گۈلخاندەك. ئاخىرى قانداق بولدى دېمەمسەن، «ئەفلاتون» نىڭ ئۇزۇن رىشتىسى بىلەن شۇ خوتۇنىنىڭ رىشتىسى بىر ـ بىرىگە چىگىلدى مەھكەم، ئۇزەلمەيتتى ئۇ رىشتىنى ھەتتا پەھلىۋانى رۇستەم! مەڭ بۇۋى ئېغىر خورسىنىپ، چېكىپ يۈردى ئەلەم.

توي بولدى دىياردا، ئۇسسۇل، ناۋا، «ئوغلاق» بەيگە قىزىدى تازا، داپ چالاتتى ئۇ خوتۇن، قاش ئېتىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى «ئەفلاتون». شۇ مەھەل ـ دەقىقىدە بىردىن كۆتۈرۈلدى فەريادۇ چۇقان، تىترىدى «ئات بەيگىسى» ئۆتكۈزۈلىۋاتقان دەشت ـ مەيدان، ئاتقا سۆرەلمەكتە ئىدى بىر ئاتۋاز ـ چەۋەنداز، چىپپىدە توختىدى ئۇسسۇل، ناۋا، ساز.

ئۇزۇن دەشتنى بويلاپ قارا تۇلپار قارا قۇيۇندەك چاپاتتى، سۆرىلىپ ـ سۆرىلىپ، جانسىز سۆرەمگە ئايلاندى ئىگىسى... ئاقىۋەتتە، تۇل قالدى ھېلىقى خوتۇن ـــ چېچەك چوكان ئېرىدىن بىر تال بالىسىمۇ يوق بەد بەخت ئىنسان. «ئېرىنىڭ بېشىنى يېگۈچى قارا ماڭلاي» تۇل ئايالنى مۇشۇنداق دەپ ئاتىدى پاكىز ئاي.

«قارا ماڭلاي» نى دەپ كەلمىدى بىرەر نىكاھ ئەلچىسى، «قارا ماڭلاي» يۇرىۋەردى بولۇپ «ئەفلاتون» نىڭ تۇل كەكلىكى... كەكلىكنىڭ بويىدا قالدى، بۇ ئىشتىن «ئەفلاتون» چۆچۈپ كەتتى، دەرھال تۇل ئايالدىن كۆڭلىنى ئۈزدى، تۇل ئايالمۇ پەرۋا قىلماي، «ئەفلاتون» نىڭ قامەتلىك ئوغلىنى كۆزلىدى. ئاي ـ كۈنى توشۇپ، تۇل ئايال قاق سەھەردە موللا دادىسىدىن خۇپىيانە، كالا قوتىنىدا بىر ئوغۇل تۇغدى، تۇغۇت ئانىسى بولدى بىر ساۋاپكار كەمپىر، بالىنى ئەدىيالغا يۆگەپ ئىنىس ـ جىنغا تۇيدۇرماي «جامائەتخانا» غا قاراپ يول ئالدى. ساھىبى تەدبىر، «جامائەتخانا بالىسى» نى بايقاپ قالدى يالغۇز بىر كىشى، ئۇ، بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يۇزىگە زوقلىنىپ بىرھازا تىكىلدى. داۋاراڭ ـ چۇقاندىن دىيارنى قەتئىي چۆچۈتۈپ قويماسلىقنى كۆڭلىگە پۈكتى. پەم ـ ئېھتىيات بىلەن بالىنى كۆتۈرۈپ ئۆدۈل ماڭغانچە بالىسى توختىمايدىغان، پەرزەنت دەردىدە دەردمەن بىر ئائىلىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى، تەييار ئوغۇل بالىغا مۇيەسسەر بولۇشقان ئەر ـ خوتۇن شادلاندى، ئۇمىد تۇلپارلىرى بەيگىگە ئاتلاندى. ھافىز ـ غەزەلخان دادا ئوغلىنى مەدھىيەلەپ قوشاق ئېيتتى، ئۆينىڭ مەنىۋى

ھاياتىنى بېيىتتى. «جامائەتخانا بالىسى» بار ـ ھايات بوئان، تېگى ـ تەكتى مەردۇم ئۇچۇن سىر ـ پىنھان.

تۇل تۇلكە ـ ئاشناگىر ئايال تۇتتى نەۋقىران ئاشنا، كەپە بولدى ئۇلار ئۇچۇن زىناگاھ ئىشرەتخانا، ئاشناۋازلارنىڭ ئىشىنى بىلمەيتتى ھېچكىم كەپىدىن باشقا. تۇل تۇلكىنى بوسۇغىغا يولاتمايتتى مەڭ بوۋى ــ بوۋى ئانا.

ئاخىرىدا يەنە مەڭ بوۋىنىڭ بورۇنقى كېلىنلىك قىسمىتىگە قۇلاق سالغايسەن:

«قەشەڭ يايلىقى» دا، گۇزەل ياز پەسلىدە، ئېچىلىپ تۇرغانتى رەڭگارەڭ گۇل ـ چېچەك، قوي ـ پادىلىرىنى ئوتقا قويۇۋېتىپ، يوغان تاش تۇۋىدە بىخارامان ئولتۇرۇشتى 12 ياشلىق بىر قىز بىلەن 13 ياشلىق بالا كېلىنچەك. گۇدەكانە ئويۇن باشلاندى، بالا كېلىنچەكـ ـنىڭ سىلىسىلاسى (زەنجىرى) چۇۋۇپ تاشلاندى، چۇۋۇلغان سىلىسىـ ـلادىن چىرايلىق بولەكچە نەرسىلەر «ياسالدى»، ئۇ نەرسىلەر «ھالـ ـقا»...دەپ سانالدى...سوزۇنچاق بىر تاش كېلىن دەپ ئاتالدى، كوكىـ ـسىگە «ھالقا» قادالدى...ئىككى چوپاننى قىزىق ئويۇن ئىلكىگە ئالدى، بورە كېلىپ قويلارغا تۇتۇلدى، قويلار ئۇركۇشۇپ، چاچتىن ئۇزۇلگەن سەدەپلەردەك ھەر ياققا چېچىلدى، سەرخىل قويدىن بىر نەچچىسى بوغۇزلاپ ئولتۇرۇلدى، قەشەڭ يايلىقىنىڭ كوزىدىن گويا ياشلار توكۇلدى، ئىككى بىخۇت چوپاننىڭ يۈزى توكۇلدى. ئۇلار قورقۇش ـ ۋەھىمە تۇيىسىغا كومۇلدى. بىخۇت چوپان خوتۇننى قارا

تۇۋرۇككە باغلاپ قىلىپ ئارغامچا بىلەن ئۇردى «ئەفلاتون» سۆڭەك ساپلىق قامچا بىلەن، نالە - پەريادتىن لەزرىگە كەلدى تاش كەپە ئىچى، قازان - قومۇچ، چىنە - لېگەنلەر جىرىڭشىدى، قامچا تەگكەن نازۇك بەدەننى قاپلىدى كۆكۈرۈك، قورايسىمان قوۋۇرغىنى ئەگكەن ئىدى ناھاللىق ئۆتۈك. ئايالنىڭ ئېتىكىدىن چۈشۈپ قالدى سەھەردە بالا، چۈشكەن كەبى شاختىن يەرگە دۇمبۇل — خام ئالما. بويىدىن ئاجرىغان ئايال ئۇزاق ياتمىدى، مىننەتتىن زەھەر - زوقۇم دەشنام يېدى. قېيىنئانىسى ئۇنى ھەدەپ دىغمارلىدى، بىر دۆۋە ئۆي ئىشنى ئۇ ساقسىزغا يۈكلىدى، ئاجىز ئايال ئورۇقلاپ بولدى تاغاق سۆڭەكـدەك، ئاي، يىل ئۆتۈپ بولدى ۋاقىتسىز كەمپىرەك، سىغىز دۆڭدە تۇرۇپ يىراققا قاراپ، نۇرغۇن قېتىم توۋلىغان ئۇ مۆڭلىنىپ «فەلەك». ①

مېنىڭ چۆچىكىم تامام،
چاشقان چۆچىكى تامام.
ئەتە ئېچىلغاي ھاۋا،
ئەتە يوقالغاي تۇمان.

دەريا بويىدا بىرەر گۇمانلىق ئەھۋالنى سېزەلمىگەن ماراقچى قېيىنئانا ئەينى چاغدا ئۆزى «فەلەك» توۋلىغان سىغىز دۆڭدىن ئاۋايلاپ

① «فەلەك» مۇڭ - ھەسرەتلىك كۈيلەر.

پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈۋالدى. باياتىن چىغزاردىن ماراپ تۇرغان چېقىر كۆز بولسا، ئىككى چېلەكتە سۇ كۆتۈرۈپ تېز ـ تېز مېڭىۋات- قان نىگارنىڭ ئارقىسىغا ئايغاقچىلىق تاماسىدا ھېلىمۇ مەھكەم قاد- لىپ تۇرماقتا ئىدى.

(7)

مېھمانخانىنىڭ گىلەملىك كىچىك تۆرىدىن بۈگۈن قوتاندىن ئې- تىزغا قىغ توشۇشقا ياردەملەشكىلى كەلگەن بىرقانچە ئەر كىشى بە- ھۇزۇر ئورۇن ئېلىشقان ئىدى. مېھمانخانىنىڭ كۈنگەي تەرەپتىكى تېمىنىڭ تۈۋىدىكى قۇرۇق قىغ دۆۋىسىدە ئاپتاپ سۇنغاچ كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان، چوڭ سىۋەتتە ھۆل قىغ يۇدۇپ ھېلىلا بىكار بولغان ھارغىن چىراي نىگارنىڭ قۇلىقىغا پەنجىرىدىن نەۋھافىز را- ۋاپتا ئېيتىۋاتقان بىر مۇڭلۇق ناخشا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

مۇزتاغ ① ئىدى رەمتى ئانام،
دادام ئىدى ئۇ ئۇچۇن چۇگىر②.
گۈلدۇرماما ئۇ ئىككىسىنى،
بىر ـ بىرىدىن ئايرىدى ئاخىر.

①، ② ـــ رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇزتاغ بىلەن چۇگىر چوققىسى بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ، گۈلدۇرماما ئىلاھى ئۇ ئىككىسىنى بىر ـ بى- رىدىن ئايرىۋەتكەنمىش.

گۈلەندەمسىز مانا لوپ ھافىز،
نەۋ ھافىز تاش ئۆيدە مادارسىز.
ئاتا ـ بالا ھىجران ئوتىدا،
رەنج يالقۇنى ئۆچمەيدۇ ھەرگىز.

دادام بىلەن ئانام قەشقەردە،
چۈشكەنىكەن سۈرەتكە بىللە.
سەتەڭ تۇماق «چۈگىر» بېشىدا،
كۇمۇش ھالقا «مۇزتاغ» كۆكسىدە...

يوقالغان ھالقا ئىزتىراپىنى چېكىپ كېلىۋاتقان نىگارنىڭ قولىدىن تۇساتتىن كەشتە يىڭنىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ قىغنى تاتىلاپ يىڭنىسىنى ئىزدەۋاتقان ئارىدا، قېيىنئانىسى پايپاقلىق ئىككى پارچە ئاق كىگىزنى قولىدا كۆتۈرگەن ھالدا يېنىدا پەيدا بولدى.

— ھە، نەۋھافىزنىڭ ئاۋازى بىلەن «بىھۇشلۇق گىياھى» نى يەۋالغاندەك بىھۇش بولۇپ، يەنە نېمەڭنى يىتتۈرۈپ قويدۇڭ، كەشتىچى كېلىنجان؟

نىگار بېشىنى ئىلدام كۆتۈرۈپ، قېيىنئانىسىغا ئۇنىسىز قاراپ قويدى، قېيىنئانىسى ئۇنىڭ ئېتىكىدىكى بىر تال رەڭلىك يىپ

ساڭگىلاپ تۇرغان كەشتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىچىدىن ئاچچىق تەنە تۆكۈلدى. ھە، يىڭنەڭنى يىتتۈرۈپ قويۇپسەن ـ دە! «كىرپىكىمنى يىڭنە ئەتتىم يىڭنە سۇنغاندا، قېشىمنى ئىگىرىپ يىپ ئەتتىم يىپ كەملىگەندە» دېگەندەك، يىڭنەڭ يىتكەن بولسا، سەنمۇ تال ـ تال كىرپىكلىرىڭنى يىڭنە ئەيلەپ ئىشلىتىۋال، يىڭنە ئاسراشنى بىلمەيدىغان كەشتىچى كەشتە تىكىمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە، قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ كۆل دۈۋىسىدە يېتىۋالغان ئاۋۇ قېرى ئېشەكنىڭ توقۇمىنى ياماپ بەرسە بولمامدۇ؟..

بىرمۇنچە ئاچچىق تەنىدىن ئىچى ئاچچىق ئەلەم دەستىدە ئېچىشىۋاتقان نىگار چالا تىكىك كەشتىسىنى تەتۈرىسىگە قاتلىۋېتىپ، ئارقا تەرىپى سېۋەت يۇدۇپ يۈرۈش بىلەن قىرچىلىپ كەتكەن، قىز مېلى ھېسابىدا تويدىن ئىلگىرى قىزىل سوكنىدىن تىكىلگەن كالتا چاپىنىنىڭ يان يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا، قېيىنئانىسى ئۇنى قوزغالماي ئورنىدا جىم ئولتۇرۇشقا ئۈندەپ، قولىدىكى ئاق يۇڭدىن ئېتىلگەن بىر جۈپ پايپاقلىقنى ئېتىكىگە تاشلاپ قويدى ۋە:

— ماۋۇ ئىككى پايپاقلىقنى ئوبدان پىچىپ، ئېرىڭگە پايپاق تىكىپ بەر، ماۋۇ جۇۋالدۇرۇزنى ئىشلىتىپ بولۇپ، يەنە ماڭا قايتۇرۇپ بەر، جۇۋالدۇرۇز يىتىپ كەتسە كىرپىكلىرىڭ بىلەن قېلىن پايپاقنى تىككىلى بولمايدۇ، — دېدى پايپاقلىقنىڭ بىرسىگە سانجىقلىق تۇرغان يۇڭ يىپ ئۆتكۈزۈلگەن جۇۋالدۇرۇزنى كۆرسىتىپ

تۆرۆپ، ئاندىن نېرىراقتىكى قىغىنىڭ ئۈستىدە ئىچىنى تىڭشاپ يېتى- ۋاتقان قارا، بوغاز ئېنەكنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى «ئۆش» دەپ ساغ- رىسىغا قولى بىلەن يېنىككىنە ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزغاندىن كېيىن، موزايلايدىغان ۋاقتىنىڭ بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلمەك- چى بولۇپ، يوغانغىنە يېلىنىنى سىلاپ باقتى.

تاجىك ئەر - ئاياللىرىنىڭ باش كىيىمى بولغان تۇماق، كۆلتا، دوپپا، تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن قولياغلىق، ھەميان، چاي قېپى، ئىشتان بېغى، چورۇق بوغقۇچلىرى، نەي ۋە داپ قېپى قاتارلىقلارنى كەشتىلەشنى بىلىدىغان كەشتە ئۇستىكارى نىگار كىگىز پايپاقنىڭ، چورۇقنىڭ قونچىدىن سەل ئېشىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان گىرۋىكىنى ئۈستىدىن كەشتىلەپ، كەشتىلىك ئۇز پايپاق بىلەن ئېرىنىڭ ئۆزد- گە بولغان مۇزدەك ھېسسىياتىنى ئېرىتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزد- نىڭ «مۇزتاغ»، ئېرىنىڭ بولسا «چوگىر» بولۇشىنى ئويلىدى بولغاي، پەنجىرىدىن ھېلىمۇ سىرتقا ئاڭلىنىۋاتقان راۋاپ قوشىقىدىن دىققىتىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ، پايپاق تىكىشكە باشلىدى.

***

تېزەك قىغ ئوتى گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان تونۇكە مەش بىلەن خېلىلا ئىسسىپ كەتكەن مېھمانخانىنىڭ بىر تېمىدىكى مەرەپ شەك-

لىدە چىقىرىلغان ئويۇقتا شام تىكلەپ قويۇلغان بولۇپ، تۆردە ئوڭچە سوزۇلۇپ ياتقان سەيىدزادىنىڭ كۆزلىرى پىلىلداپ يېنىۋاتقان ئەنە شۇ شامغا تىكىلگەن ئىدى. بىر كىشىلىك ئورۇننى راسلاپ بولغان نىگار تۇنۇگۈن يىڭنە سانجىلىپ، بۈگۈن تىكىلىپ بولغان بىر جۈپ كىگىز پايپاقنى بۇلۇڭدىكى كەشتىلىك خۇرجۇندىن ئېلىپ، ئېرىدىنىڭ قېشىغا تىزچىلاپ بېرىۋالدى.

— ماۋۇ پايپاقنى ساڭا تىكتىم. ئاناممۇ دادامغا قىش كۈنلىرى مۇشۇنداق كەشتىلىك پايپاق تىكىپ بېرەتتى، موزدوز مورىت تىكىپ بەرگەن ھېلىقى چىرايلىق چورۇقۇڭ بىلەن بۇنى كىيسەڭ خۇيمۇ يارىشىدۇ.

ئېرىنىڭ كۆزلىرى شامدىن قەلب يىپى بىلەن تىكىلگەن پايپاققا يۆتكىلىپ سەت ئالايدى.

— مېنىڭ پايپىقىمنى پەرى ئوغۇرلاپتىمۇ؟ چىرايلىققىنە پايپىقىم بار تۇرۇپ، باشقا ئىش قىلماي، كەشتىۋازلىق قىلىپ يۈرگىنىڭنى ! — دېدى سەيىدزادە.

— مەن خوتۇنۇڭ، كۆكسۈمنى يېرىپ، قەلبىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنى كىرپىكىمنى يىڭنە، قېشىمنى يىپ ئەيلەپ كەشتىلەپ ساڭا ھەدىيە قىلسام، خوتۇنلۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلغان بولىمەن، دېدى نىگار سەبىي قىزدەك يىغلامسىراپ تۇرۇپ.

— پاھ - پاھ، بۇنداق كەشتىلىك سۆخەننى نەۋھافىزدىن ئۆگىنىۋالغان ئوخشىمامسەن؟

— سەدىقە ـ نىيازىڭ بوپكېتەي، مېنى نەۋھافىزغا چېتىۋالمى-
ساڭچۇ، نەۋھافىز بىزنىڭ مۇرتىمىز، — دېدى نىگار ئېرىگە ئىلتى-
جا بىلەن.

— سېنىڭچە، مۇرتنىڭ بۇۋى ئاشنىسى يوقمۇ؟ ياكى ئىشاننىڭ
مۇرت ئاشنىسى يوقمۇ؟

«ئاشنا ـ پاشنا» دېگەننى ئەسلا بىلمەيدىغان نىگار نېمە دېيىشى-
نى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى.

سەيىدزادە ئولتۇرغان يېرىدىن كاسىسىغا كەشتە يىڭنىسى سان-
جىلغاندەك دىككىدە تۇرۇپ كېتىپ، بىگىز بارمىقىنى ئۇلۇغ مازار-
دىن قۇت تىلەۋاتقان ھاجەتمەن تاۋاپچىدەك تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئايا-
لىغا قارىتىپ تۇرۇپ، ھاياجان بىلەن ئاغزىدىن كۆپۈك چاچراتتى:

— نەۋھافىز تۇنۇگۈن نېمە ئۈچۈن بۇ مېھمانخانىنى ناخشا ـ ناۋا
سورۇنى قىلىۋېلىپ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ، جۇپىسىراپ قالغان ئەندە-
لىفتەك ئۇزۇنغىچە سايرىدى؟! چۈنكى، بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ ھاياجىنىنى
قوزغايدىغان سەدەپدار قۇش بار! سەدەپدار قۇش بار يەردە نەۋ ئەندەلىف-
نىڭ قارىنىدىن ئەلۋەتتە دۇر ـ سەدەپ تۆكۈلىدۇ ـ دە!

بىر جۇپ پايپاقنى باغرىغا بېسىپ ئولتۇرغان نىگار ئۆزىنى
تۆردە ئەمەس، خورلۇق زىمىستانىنىڭ قېلىن مۇزى ئۈستىدە ئولتۇر-
غاندەك ھېس قىلىپ، — ئاھ، ئاغا ئىگەم، — دەپ نادامەتلىك نىدا
قىلدى.

— ھە، بۈگۈندىن ئېتىبارەن مەن تەنھا ياتىمەن، بىللە ياتساق

ئۆيقۇم كەلمەي، ئەتىسى ھارغىن بولۇپ قالىدىكەنمەن ـــ ئاخىرقى گېپىنى دەۋەتتى سەيىدزادە. توي كۈنىنىڭ بىرىنچى كېچىسىدە قىز- سىراپ قالغان ئېرى بىلەن رەسمىي بىللە بولۇشقان، شۇ كېچىدىن ھازىرغا قەدەر ئېرى بىلەن «ياستۇقداش» بولۇپ مېھىردار كۆكسىنى ئېرىنىڭ مۇزسىمان دۇمبىسىگە چالا - بۇلا يېقىپ كېلىۋاتقان نىگار- نىڭ داستان - مەدھىيە ساھىبى «سۆخسۇر» بولۇش ئارزۇسى ئاۋۇ كۆ- يىۋاتقان شامدەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتى.

***

ئاچچىق - چۈچۈك كېلىنلىق ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كې- لىۋاتقان نىگار تاجىك قول ھۈنەرۋەچىلىكى ـــ كەشتىچىلىكتىن مېھرىنى زادىلا ئۈزمەي كېلىۋاتاتتى. ئۇ كەشتىچىلىك ھۈنىرى بىلەن مەھەللە خەلقى تەرىپىدىن «كەشتىچى بۇۋى» دەپ ئاتالدى. نەۋ- ھافىز ئۇ كەشتىچىنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەنىكەن:

«ياش كېلىن قولىدا كەشتىلەندى ساي،

ئاسماندا چاقنىدى كەشتىلەنگەن ئاي...

نىگار يەنە بىر جۈپ ساۋاق چىۋىق بىلەن يۇڭ سوقۇپ سېلىنچا كېگىز ۋە پايپاقلىق ياسىدى، كالا تېزەكلىرىنى كوملاچ ئېتىپ، تامغا چاپلاپ قۇرۇتۇپ، ئوتۇنخانىنى يېقىلغۇ ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇۋەت- تى... ئەپسۇسكى، ھۈنەر بابىدا ھۈنەرۋەن، ئەقىل بابىدا ئاقىل، مېھنەت بابىدا مېھنەتكەش كېلىنىنىڭ پېشانىسىغا نائادىل قەلەم-

كەش «شور تەلەي»، «بەد ئەزەل» دېگەنلەرنى يېزىپ قويغانىكەن. شۇڭا «مېهنەتكەش»، «هۆنەرۋەن» كېلىن ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدە ياخشى كېلىن بولالمىدى. قەلبىگە سانجىلىپ تۇرىدىغان جۇۋالدۇز- روزدەك ئائىلىۋى موئامىلە ئۇنى بارا - بارا سولغۇن گۈلگە ئايلاندۇر- ماقتا ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن بىر تەلەيسىز. تەلەيسىزلىكى مانا بۇگۇن ئاخشام ئۇنى ئەقىلنىڭ بىر جۈپ مېۋىسى بولغان بىر جۈپ كەشتە- لىك پايپاقنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: «ئاھ، خۇدا، ئاھ، ئاغا ئىگەم» دەپ ئىدا قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

هۆنەرۋەن، كاردان بولۇپ، بىتەلەي بولساڭ بىكار ئىكەن، خۇددى پېرسىيە شائىرى شېخ سەئىد شىرازى ئېيتقاندەك:

«ھەر بىر تال چېچىڭدە بولسا يۈز ئەقىل،

تەلىيىڭ بولمىسا بىكار بۇنى بىل»

ئەمما، تەقدىرچىلىك چەمبىرىكىدىن قاڭقىپ چىقىپ تۇرۇپ، شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەر بىر تال چېچىدا يۈز ئەقىل بار ئىگارنىڭ تەلەيسىزلىكىنى دەل قاتمال، كونا ئىكاھ ئەندىزىسى، شەپقەتسىز ئائىلىۋى مۇئامىلە ۋەھاكازالار كەلتۈرۈپ چىقارماقتا ئىدى.

****

كالا قوتىنىدىن ھۆل قىغ قاچىلانغان چوڭ چىغ سېۋەتنى يۈدۈپ چىقىپ، ئېغىر ئاياغلىرىنى سۆرەپ مېڭىۋاتقان ئىگار 50 مې-

تىرچە يىراقلىقتىكى ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىغ دۆۋىسىگە يې-
قىنلاشقاندا، توساتتىن دەرمانى ئۈزۈلۈپ، ئالدىغا يىقىلدى. بېشىدىن
چۈشۈپ كەتكەن كۆلتىسى رومىلى بىلەن بىللە سېۋەتتىن تۆكۈلگەن
قىغنىڭ تېگىدە قالدى، ئارقىسىدىن سېۋەتتە قىغ يۈدۈپ كېلىۋاتقان
دائىمىي ھەمكار مۇرىت سېۋەتنىڭ قىل بېغىنى قولىدىن قويۇۋې-
تىپ، «ياپىر» دېگىنىچە دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ، ماجالسىز، چىرا-
يى تاتىراڭغۇ نىگارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويدى. شۇ «يىقىلىشتىن» تىن
ئەتىسى سەيىد ئائىلىسى يوشۇرماقچى بولغان بىر ئىشنىڭ باش - ئا-
خىرىدىن سەزگۈر ئاخبارچى دائىمىي ھەمكار مۇرىت بالىخانىلىق ئا-
ئىلىسىنى خەۋەردار قىلىپ قويغانىدى.

«نىگارنى بويىدىن ئاجراپتۇ دەيدا!» موكى مۇشۇ سۆزنى يېنىش -
يېنىشلاپ پىچىرلاپ كېلىۋېتىپ، قارلىق دالىدا بىرى بىلەن ئۇچقى-
شىپ دىراماتىك سۆھبەت قۇردى.

- ئايالّلارنىڭ دۈمبىسىدە سېۋەت ئەزەلدىن بار، موكى ئەزەم، ئا-
يالىم پىسەرىڭنى دۈمبىسىدە سېۋەت كۆتۈرگەن ھالدا ئېتىزدا
تۇغقان، ئەگەرچەندە.

ئاشۇ ئېغىر سېۋەت بىلەن ئايالىڭ مەڭ بۇۋىنىڭ بويىدىن
ئىككى قېتىم ئاجرىغان، ئەنە «قىيامەت مۇشۇكى» بىلەن سېغىز
دۆڭ گۇۋاھ. .

— سېنىڭچە نىگار قىغ يۈدۈپ يۈرۈپ بويىدىن ئاجرىدىما؟

— شۇنداق، مەن ھەممىدىن خەۋەر تاپتىم، — دېدى موكى ئەزەم،

«يۇمىلاق تۇگۇلۇكۇم يوپۇقسىز - ئوچۇق، تالادىن بىخەۋەر ئوچاق هازىر يوق». كىلىننى شۇنداقمۇ ئانىي تاپقان بارمۇ؟ ئىغىر ئاياق ئاـ جىزەگە «ئەفلاتۇن» كۆتۇرۇدىغان ئىغىر سىۋەتنى كۆتۇرگۇزۇپ قويىـ دىغان ئىش نەدە بار؟! بۇ جەمئىيەت يا ئايالالارنى ئىزىدىغان كونا جەمـ ئىيەت بولمىسا!ئايالالارنى ئاسراش ساۋابلىق ئىشقۇ؟ ئايال كىشى يا قۇل بولمىسا!

ـــ بۇ ئاخىر زامان ئەمەس، موكى ئەزەم، «ئاخىر زاماندا يەر قىقىر بولۇر، ئەر خوتۇن كىشىگە پىقىر بولۇر» دەپتىكەن، ئەگەرچەنـ دە...

ـــ سەن گەپنى ئاخىر زامانغا بۇرىما، مەن سەن بىلەن ئاخىر زامان ئۇستىدە پاراڭلاشماقچى ئەمەس، مەن شۇنى دىمەكچى، هازىرقىـ سى بۇرۇنقىسىغا ئوخشىمايدۇ. سەن يىگى تىرىدىن كىرىلگەن داپ بىلەن قەدىمىي مۇقامنى توۋلىما. ئەنە قارا، بۇرۇن ئاۋۇ دەريانىڭ بىر يىرىدىن ئۆتكىلى بولىدىغان كىچىك بار ئىدى. هازىر بارمۇ، يوق! هازىر كۆۋرۈك بار، سەن كونا ئىدىيە بىلەن ئەقلىڭنى باغلاپ، قەدىـ مىي كىچىكنى ئىزدەپ يۈرسەڭ، ئاخىرى مات بولىسەن. هازىر هەممە باراۋەر، سەيىد - ئىشان جامائەت بىلەن باراۋەر، پەرقىيەت زور ئەمەس. ئەۋلىيا بولۇۋالىدىغان ئىش يوق، ياكى روپپۇش - مەستۇرە بۇۋى بولۇۋېلىپ، تالا - تۇزگە چىقمايدىغان ئىشمۇ يوق. . ئىشىك ئوچۇق، ئىسلاهات بولۇۋاتىدۇ، ـــ دىدى موكى ئەزەم...

ـــ ئەگەرچەندە...

— بولدى، ئارتۇقچە «ئەگەرچەندە» ئىشەككە يوق. كەلامى خۇلاسە: سەنمۇ ئوقۇغان ئىلىمدار سەيدسەن، «كەلامى شەرف» دىن خەۋەردارسەن، ئاياللارنى ئىزىش ـ خورلاشقا پارتىيەمۇ، ھۆكۈمەتمۇ «كەلامى شەرف» مۇ يول قويمايدۇ. ئاياللارنى تۇزىش گۇناھي سەغىر- ئەمەس،بەلكى گۇناھي كەبىر! بۇ گۇناھي كەبىرنى سادىر قىلغۇچى مەيلى خەلىقىيە ـ مۆرىت بولسۇن، مەيلى سەيىد ـ خۇجا، ئىشان بولسۇن، ساھىبى ئەل، ساھىبى جەمئىيەت تەرىپىدىن سوراققا تارتى- لىدۇ. ئەلنىڭ بىشى، جەمئىيەتنىڭ سەرۋەرى بار.

خۇددى مەھەللە ھافىزى ئىيتقاندەك،
لى... يىزامىنىڭ سىكىرىتارى،
كەنتىمنىڭ بار باش مۇدىرى،
ساقچىخانا پاسىبانىم،
قىز ـ ئايالنىڭ بار كادىرى.

سەيىد بىردىنلا سەگەكلىشىپ:

دىيار بىشى موكى ـ ئەرباب،
مەھەللەمنىڭ مۆتىۋرى.

دەپ، موكى ئەزەم مىسال كەلتۈرگەن قوشاقنى تولۇقلاپ ئوقۇ- ۋەتكەندىن كىيىن ئاخىرىغا «ئەگەرچەندە» نى قوشۇپ قويۇۋىدى، موكى ئەزەم:

ھە، ئەگەرچەندە، بويىدىن ئاجرىغان كىلىنىڭگە پاقلان سويۇپ،

گۆشىدە شورپا قاينىتىپ ئىچكۈز، — دەپ سۆھبەتنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزدى.

بويىدىن ئاجرىغان نىگار ئۆزىنىڭ ئۆيىدە، موكىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سويۇلغان پاقلاننىڭ گۆشىدە قاينىتىلغان شورپىنى بىر ھەپ- تىگىچە ئىچكەن بولدى. ئەمما، شورپىنى ھەر دۆرەم داڭقان بېشىدا ئۆزىگە قارىتىلىپ ئاڭلىنار - ئاڭلاناس قىلىپ ئېيتىلغان «مىدە ئېشەكىنىڭ ئەسكىسى يۇكىنىڭ قېشىدا تۇغۇپتۇ»، «شامال يېنىككىنە سىلكىپ قويغانغا شېخىدىن مېۋە چۈشۈپ كەتتى...» دېگەندەك تەنە گەپلەر بىلەن بىللە ئىچتى. يوتقاندىن ئۆرە بولغاندىن كېيىن «پەدەر- خان»نىڭ ئۆيىدە بولسا، بىرقانچە كۈن ھەقىقىي كۈتۈلۈپ، چىرايى كۈلگۈن بولغانىدى.

***

بۇنىڭدىن 15 كۈن بۇرۇن كەشتە يىڭنىسى غايىب بولغان ئاپتاپ- گاھدا كىيىم ياماپ ئولتۇرغان نىگارنىڭ قېشىدا قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسى ئاۋۇ شۆلگەيلىرى ئېقىپ تۇرغان، يېتىۋالغاق بۇغاز كالىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان «تۇغۇتى» ئۈستىدە ئاللىنېمە- لەرنى دېيىشكەچ ئولتۇراتتى. شۇ دەقىقىدە تۇيۇقسىز بىر ئىش يۈز بەردى: بوغاز كالا غايىبتىن سالغا تېشى كېلىپ تەگكەندەك، ئورنى- دىن دىككىدە تۇرۇپ كېتىپ، ئارقىسىچە مېڭىپ - مېڭىپ تېگى توڭغاق ئېرىققا يىقىلدى. ئاسايىشلىق ئاپتاپگاھنى بىر مەيدان كۆ-

ئۆلسىز كەيپىيات، تەشۋىشلىك سادا ـ چۇقان قاپلىدى. بوغاز كالا شۇنىڭدىن تارتىپ بىتاپ بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي قوتاندا ئۆلۈپ قالدى.

«بۇ كالا يىڭنە يۇتۇۋالغان» دەپ ھۆكۈم چىقارغان تەجرىبىلىك مال دوختۇرى كالىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، كۆكرىكىنى يارغاندا، دەرۋەقە، ئۆپكىسىگە سانجىلىپ تۇرغان بىر تال كەشتە يىڭنىسى ئەتراپىتا تەخىرسىزلىنىپ قاراپ تۇرۇشقانلارنى «يائاللا» دېگۈزىۋەتتى.

«ئۆلگەن تۆگىنىڭ سورىقى يامان» دېگەندەك، كەشتە يىڭنىسى «سەۋەبكار» كىشىنىڭ كۆزىگە سوراق يىڭنىسى بولۇپ قادالدى.

— كالىمىزنىڭ بېشىغا چىققان بۇ يىڭنە دەل سەن يىتتۈرۈپ قويغان يىڭنە. مە، بۇنى ئەمدى گۆرۈڭگە ئەكەت، — دېدى قېيىنئانا.

— پاقلاننى يەپ ئاغزىڭ چىشى بۆرىدەك تېخىمۇ يوغان ئېچىلىپ كەتتى بولغاي، بوغاز كالىنىمۇ موزىيى بىلەن قوشۇپ يەپ كەتتىڭ! — دېدى قېيىنئاتىسى.

— سەن خوتۇننىڭ ئايىغى بۇ ئۆيگە پەقەت ياراشمىدى، كاساپىتىڭدىن بىز بۇنىڭدىن كېيىن خېلىسىنى كۆرىدىغان ئوخشايمىز، — دېدى ئېرى.

جىددىي كەيپىياتقا چۆمگەن ئائىلىۋى سوتخانىدا، نىگار بېشى قېيىپ ھوشىدىن كەتتى.

بۇ قېتىمقى ئائىلىۋى ۋەقەدىن موكى ئەزەم بىخەۋەر ئىدى. سەۋەبى، ئاخبارچى دائىمىي ھەمكار مورىتتىن سەيىد ئائىلىسى «بويىدىن ئاجراش ۋەقەسى» دىن كېيىن پىر ـ مۇرىتلىق مۇناسىۋىتىنى چورتتىدە ئۈزۈپ قويغانىدى.

## (8)

نىگارنىڭ ئارقىسىدىن ياڭراپ چىققۋاتقان «ئانا...!ئانا...» !دېگەن تونۇش ئاۋاز بارا ـ بارا يېقىنلاپ قالدى، پۇتلىرىنىڭ دەرمانى ئۈزۈلەي دېگەندە ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئىككى چېلەكتە سۇ كۆتۈرگەن ھالدا ئاران ـ ئاران ئاتلاپ كىرگەن نىگارغا ئۇلىنىپلا ئۆيگە كىرىپ كەلگەن نەۋھافىز ئۆزىگە گۇمان بىلەن قادىلىپ قاراپ تۇرۇشقان سەيىد ۋە مەڭ بۇۋى بىلەن قول سۆيۈشۈپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئىلىپتەك تۈز كۆڭلى بىلەن پەگادا «نۇن» دەك ئېگىلىپ تۇرۇپ: ــ كۇمۇش ئاي يورۇتىۋەتكەن سۇتتەك ئايدىڭ كېچىدە مەن بۇۋى نىگار-نىڭ ئاق سۈتىنى ئېمىپ چۇشەپتىمەن، مەن بۇۋى نىگارنىڭ كۆكە-سىگە مېھرىم بىلەن چاپلىشىۋېلىپ، سۈتىنى بەھۇزۇر ئېمىۋاتقۇدەك-مەن! بۇۋى نىگار بىلەن دەريا بويىدا تۇنجى مەرتەم ساپ نىيەتتە قول سۆيۈشۈپ كۆرۈشۈش ياراشتى. مانا ئانام بىلەن ئىسمىداش بۇۋى نىگار ئەمدى ئانام بولدى. مەن ئوغلى بولدۇم. سۈت رىشتىسى مەڭگۇ ئۈزۈلمەيدۇ! ــ دېگىنىچە ھاياجانلىق ياشلىرى مۆلدۈردەك تۆكۈلۈپ تۇرغان يېڭى ئانىسى بىلەن قول سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى.

ئۆي ئىچى كۈتۈلمىگەن ئىشتىن بىرھازا سۈكۈتكە پاتتى. قار بىلەن قاپلانغان سېغىز دۆڭ ئۈستىدىن چاققان سېيرىلىپ چۈشۈپ، «پىرىنىڭ ساقىلىنى دەسسىگۈچى مۇرىت» نىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە ئېتىلىپ كىرگەن شەككاك ـ ماراقچى ئەر مۈشۈ تاپتا ئۈستىنى قېلىن مۇز قاپلىغان دەريادەك جىمىمىدە بولۇپ قالغانىدى.

***

نەۋھافىز بوگون ئاخشام بابارەھىم شاھ مەشرەپنىڭ ئانا مەدھىي-
لەنگەن ئاھاڭلىق غەزىلىنى راۋاپ بىلەن زەرەپشان دەرياسى كەبى
مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان لىرىك ھېسسىياتى بىلەن يوغۇرۇپ ئېيتىپ، قې-
شىدا ئولتۇرغان ئۇستاز دادىسىنى ئېرىتىپ سۇ قىلىۋەتتى، ئاندىن
كېيىن راۋابىنى دادىسىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، كۆڭلىدە قوشاق توقۇشقا
باشلىدى:

سوت ئەمگۈزدى ياش ىنگار ئانا،
ئۆلگەن ئانام تىرىلدى گويا.
سوت رېشتىسى مەڭگۇ ئۈزۈلمەس،
سوتنى ئۇنتۇش گۇناھدۇر گۇناھ...

شۇرمەللىك كاچكۇل (مۇزنىڭ سۇ ئالىدىغان يېرى )دىن ياغاچ
چۆمۈچ بىلەن چېلەككە سۇ قاچىلىغاچ سۆھبەدىشى بىلەن گۇڭۇر -
مۇڭۇر پاراڭلىشىۋاتقان خوش - ئەمىن ىنگار ئاخىردا «ھېلىقى
خەيرلىك چۈش» تۇغرىسىدا ھاياجان ئىلكىدە سۆزلەپ، ئاڭلىغۇچى-
نىڭ ئاغزىنى كالانپاي خوتۇن كېيىپ يۈرگەن كالاچقا ئايلاندۇرۇپ
قويدى.

— قارسام سەن بىتەلەي ئوخشايسەن، «تەلەيشىناس» خوتۇن كەي-
پىياتىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇپ، باشقا ياقتىن گەپ ئاچتى، — سەن ئۆ-

زۆڭگە بىر «تەلەينامە» پۈتكۈزۈۋالساڭ بولغۇدەك ئانا، ئەگەر شۇنداق قىلساڭ بېشىڭغا بىر ئەمەس، مىڭ تەلەي قۇشى قونىدۇ.

«بىتەلەي» گە بۇ مەسلىھەت ياقتى بولغاي، بېشىنى لىڭشىتىپ، شادىيانە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— مانا بۇگۈن پەيتى! - مەسلىھەتچى كاسىسىنى تېپىرلىتىپ، قېشىنى لىكىلداتتى، ۋە: — ئانا بۇ ئىشنى تامنىڭ تۈشۈكىدىكى چاشقان سېزىپ قالمىغىدى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

***

سۈپۈرگە تەگكەن ئۆمۈچۈكتەك تۈردە تۈگۈلۈۋېلىپ، چىرايى سولغۇن ئوتتۇرا ياشلىق ئايالغا كىتاب ئېچىپ ئولتۇرغان موللابۇق كىتابنى يېپىپ قويۇپ، ۋەزمىن ئاھاڭدا مەلۇمات بەردى:

— كىتابتىن مەلۇم بولدىكى: سەن بىلەن ئەر تالىشىپ يۈرگەن بىر بالايى ئەزىم ئەرسەك چۈپۈر يىپ بىلەن قۇيرۇقىدىن سېرىق سۆ-گەتكە ئېسىپ قويۇلغان كەسلەنچۈكنىڭ قارنىدىن ھىجىرغا تېمىپ چۈشكەن زەھەرنى خۇپىيانە سۈتلۈك چاي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ساڭا ئىچكۈزۈپ قويۇپتۇ!

«زەھەرخور ئايال» «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟» ! دېگەن مەنىدە موللامغا مۇراجەتلىك چەكچىيىپ تىكىلدى.

— ئەتىدىن باشلاپ «رەدنامە» ئوقۇيمەن، دۇرد يورۇتۇپ، ئىسرىق-لىق بىلەن ئىسرىقلاپ، دۇئايى تۇمار پۈتۈپ داۋالايمەن، — دېدى موللا-

بۇف ئىشەنچ ئىلكىدە يۈزىگە كۆلكە يۈگۈرتۈپ.

موللامغا قۇر ھەققى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆيدىن ئۇزاپ چىقمىۋاتقان ئايال ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى بىر تۈپ سېرىق سۆگەتكە قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇپ، كۆڭلى ئېلىشىپ تېنى شۈركەنگەن ھالدا ئىلدام مېڭىپ كەتتى.

ھايال ئۆتمەي «قۇرئانداز » موللا بىر «بىتەلەي» نى كۈتۈۋالدى. «بىتەلەي» گە تەلىپى بويىچە «تەلەينامە» پۈتۈپ بەردى ھەمدە قۇر ئېچىپ:

ـــ يۇلتۇزۇڭ سۇلدا، ئەجىلىڭ سۇدا، ـــ دەپ ھۆكۈم چىقاردى، ئاندىن:

ـــ قولى يوق رەھىمى بار سۇدىن ھېزى بول، ـــ دەپ «بىتەلەي» نى قاتتىق ئاگاھلىدى. «تەلەينامە» بىلەن «ئاگاھلاندۇرۇش» قا تەڭ نائىل بولغان نىگار قويىنىدىن ئېرى ئۆتكەندە قوبۇل قىلمىغان بىر جۈپ كەشتىلىك پايپاقنى ئېلىپ، قور ھەققى ھېسابىدا موللامغا ئىككى قوللاپ سۇندى.

****

زورلۇق بىلەن ياتلىق قىلىنغاچقا ئېرى بىلەن پېتشمالماي كالا قوتىنىدا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان بىر چىچەن چوكاننىڭ قەبرىسىنى قاتۇرۇش مەرىكىسىدە «ئايەت» تىن كېيىن جامائەتنى يىغىپ، نىكاھ ـ ئائىلە ھەققىدە «قۇرئان كەرىم»، «مەسنەۋى شەرف»، «قانۇن ـ سىيا-

سەت» نېگىزىدە موكىنىڭ قىلغان ئەمىر مەرۆپى قۆلىقى تۆۋىدە ياڭراپ تۆرغان نەۋھافىز قېلىن قار كۆكسىدىن ئېچىلغان يولدا ئۆزى بىلەن «مەرىكە» دىن تەڭ يانغان ھەمرايىنىڭ ئالدىنى توسۆپ، بىر ئىشنى جىددىي رەۋىشتە سەمىگە سەپ قويۆشنى توغرا تاپتى.

— ھەزرىتى پىرىم، — دېدى نەۋھافىز، «قىيامەت مۆشۆكى» نىڭ كۆزى ئۆتكۆر، تامدىكى چاشقاننىڭ قولىقى سەزگۆر، سەيىدزادەمنىڭ پوستىغا شەيتان كىرىۋاپتۆ.

— شەيتان؟ قايسى شەيتان ئۆ؟ — سورىدى سەيىد ئەندىكىپ.

— ئاتۋاز ئېرىنىڭ بېشىغا چىققان ھېلىقى قاراماڭلاي!

سەيىدنىڭ ئۆپكىسى ئۆرلەپ، مېڭىسى سىرقىراپ كەتتى.

— قاراماڭلاي؟ - دەۋەتتى ئۆ.

- پىرىم، مەن دېمەكچى: سەيدزادەم كۆڭلىنى ئۆ قاراماڭلاي ئا-يالدىن ئۆزمىسە، گۆلىستاندەك ئائىلىسى تىكەنزارغا ئايلىنىدۆ!

سەيىد كۆزلىرىنى يۆمۆۋېلىپ، داڭ قېتىپ تۆرۆپلا قالدى.

مەرىكىدىن ھېلىلا يانغان سەيىدزادە بولسا خىلۋەتگاھدا «شەيتان» نىڭ كالپۆكلىرىدا ئىشقى شورپا قاينىتىپ ئىچمەكتە ئىدى. «شەيتان» مۆ لەززەتكە غەرق بولۆپ كەتكەنىدى.

— سەيىدچاق، مەن جەد - جەدەڭدىن ئايلىناي، دۆڭلۆكۆڭگە يا-مىشاي، تۆز يېرىڭگە مەيدە يېقىپ چاپلىشاي، يان دىسەڭ، ئارقىغا ياناي. نازىياب بۆ ھەزىل بىلەن سەيىدزادە ئاشىنىسىنى ھوزۆرلاندۆرۆپ، راسا كۆلدۆرۆۋەتكەندىن كېيىن، ئاغزىنى يەنە قولىقىغا ياقتى، شى-ۋىرلاپ ئېيتىلغان گەپ شۆ ھامان قۆلاقتىن قۆلاققا يەتكەنىدى.

— ھە، ئېيتقىنە، بىتەلەي كېلىنىم، «تەلەي تۆمارى» نى بوينۆڭ-

غا ئېسىۋېلىپ، ئېشەكنى توقۇمسىز مىنىپ، خەلىقى ئالەم ئالدىدا چاپتۇرماقچىمۇ سەن؟! سېنى كىم بىتەلەي دەيدۇ؟! بىتەلەي بولساڭ سەرۋى بويلۇق سەيىدزادە ئەرگە مۇيەسسەر بولالامتىڭ؟! ئەگەر تەلەيسىز بولغان بولساڭ، رىسقىڭ چىقماي ئەرسىز قېلىپ، ئۆلگەندە تاياقچىغا ياتلىق بولاتتىڭ. شۇ! خۇپپىيانە قىلىپ يۈرگەن ئىشىڭنى چاشقاننىڭ قۇلىقىغا يەتمەيدۇ دەپ ئويلىغان ئوخشىمامسەن؟ «دەر دىۋار مۇش ھەست، دەرمۇش گوش ھەست» (تامنىڭ تۆشۈكىدە چاشقان بار، چاشقاننىڭ قۇلىقى بار) دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇسەن؟— دېدى مەڭ بۇۋى ئۆزى ئولتۇرغان تۆرنىڭ زەگۇندىسىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ.

سەيىدزادەمۇ ئانىسىنىڭ گېپىگە ياندىشىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئەي غۇلدارخور، زۇۋانسىز، مەن سېنى ئەمرىمگە ئالمىسام، ئەرسىز قېلىپ، ناگاھ قېرىپ، خازان بولۇپ...

— ئاغزىڭنى يۇمۇش «تەلەينامە» ماجىراسى بىلەن ئۆلى تەۋرەپ تۇرغان «سوراقخانا» غا چەكچەيگەن پېتى كىرىپ كەلگەن سەيىد قەھرى بىلەن ۋارقىراپ، ئەسەبىلىرى قىزىپ كېتىۋاتقان خوتۇنى بىلەن ئوغلىنى جىمىتىۋەتتى.

— سەن خوتۇن ئەمدى كېستون قانجۇقىدەك كەچكىچە قاۋاپ، ئائىلىنىڭ مۇئەككىلىنى قاچۇرۇپ قويغۇچى بولما، ئەگەرچەندە يەنە قاۋايدىغان بولساڭ، مەن سېنى چېچىڭدىن سۆرەپ موكىنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن، موكى ئەزەم سېنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە سۆرەپ ئاپارسۇن، — دېدى سەيىد قولىدا كۆسەي تۇتۇپ تۇرغان ئايىلىغا قارا ئېيىقتەك

خىرىس قىلىپ. ئاندىن خوتۇننى ساۋاق چىۋىق بىلەن ئۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان ئوغلىنىڭ قولىدىن ساۋاق چىۋىقنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ ھۆكۈردى:

— سەن نە پەننىي مەكتەپتە، نە دىنىي مەكتەپتە تۇزۇك ئوقۇمىغان سامان قورساق سەيىدزادەسەن! قېنى ئېيتە، موكى ئەزەم بۈگۈن چۈشتە قەبرە قاتۇرۇش مەرىكىسىدە نېمىدەپ ئەمىر مەرۇپ قىلىدى؟ موكى مەزھىپى ئىسمائىلىيەنىڭ ئىكاھ ئەھكاملىرى خۇسۇسىدا سۆزلەپ كېلىپ: «سەيىدزادىنىڭ خەلقىيەگە ئۆيلىنىشى، خەلقىيەنىڭ سەيىد زادىگە ياتلىق قىلىنىشى ۋاجىپتۇر، ئىكاھ تارىخىدا بۇنداق ئىكاھ بولۇپ باققان» دېدى. موكى ئەزەمنىڭ ھەق ئەمىر مەرۇپىغا لى شۇجى، باش مودىر ھەننىۋاسى قايىل بولۇشتى. ھە، سوراي، ئانا ـ بالا ئىككىڭلا زادى نېمىدەپ نىگارنى پەگادا تىك تۇرغۇزۇپ، ھاقارەت قىلىسىلەر؟ ئىگار ئەڭ ياخشى كېلىن، ئۇ ئۆينى تىرەپ تۇرغان مۇشۇ «شاھ تۈۋرۈك» بىلەن باراۋەر، ئەگەرچەندە نىگارنى كىم بىھۇدە رەنج ئەيلەيدىكەن، مەن ئەفلاتۇن شۇ كىشنى تۈۋرۈككە باغلاپ، سۆگەك ساپلىق قامچا بىلەن ئۇرۇپ، ئاسمان تۈلكىسىدەك چىرقىرىتىپ، ناله قىلغۇزۇۋېتىمەن!

ھۆركىرىشى خانەنى لەرزىگە كەلتۈرگەن «ئەفلاتۇن» چاكاندا جىلغىسىدىن يامراپ كەلگەن تاشقىنىدەك ھاياجىنىنى سەل تىزگىنلەپ، ئېرىنىڭ زەگۈندىسىدە ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ ئولتۇرغان نىگارنى «تۇر قىزىم، ياخشى كېلىنىم» دەپ جەينىكىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزغاندىن كېيىن: — ھەق تائاللا ئالدىدا شۇنداق دەپ جاكارلايمەن

كى: نىگارھازىردىن باشلاپ بۇ ئۆينىڭ كەدبانۇسى! (ئايال غوجايىنى) — دېۋىدى ۋوجۇدىغا ئىللىق سىزىم تارالغان سادىدا نىگار تېخى بويىنىغا ئېسىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن، كەشتىلىك خۇرجۇنغا تىقىپ قويغان «تەلەينامە» گە كۆڭلىدە تەشەككۇر ئېيتتى.

سەيد ئوغلىنى گەجگىسىدىن تۇتقىنىچە مېھمانخانىغا ئەكىرىپ، قايتىدىن يامرىغان تاشقىنىدەك ھاياجان بىلەن ئۇنى مۇنداق دەپ جىددىي ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى:

— بىراۋدىن ئاڭلىدىمكى: ساڭا قارا ماڭلاي بىزەڭ شەيتان چاپلىشىۋاپتۇ، مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئۇ ئەرسەك، ئاشناگىر بىلەن ئادا - جۇدا بول، ھۇ خەس قېپى ! ئەگەرچەندە، ئەگەرچەندە !

سەيد چىقىپ كەتتى.

بەدىنىگە تىترەك ئۇلاشقان سەيدزادە «ئادا - جۇدا بول!» دېگەن سۆزدىن ھازىدار كىشىدەك خېلى ئۇزۇنغىچە ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تۇڭلۇككە تىكىلىپ، ئاشىقانە تۇيغۇ بىلەن «يار بىلەن ھەرگىز ئادا - جۇدا بولمايمەن» دەپ پىچىرلىدى.

***

قىشنىڭ بۇگۇنكى بۇ چىلە كېچىسى شۇنداق بىر كېچە ئىدىكى: بېشىنى يوتقانغا تىقىپ ياتقان مەڭ بۇۋىنىڭ ۋۇجۇدىدا پوزىتسيەسى توساتتىن ئۆزگەرگەن ئېرىگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك ئوتى لاۋۇلدايتتى. كاللىسىدا كېلىنى بىلەن «غوجايىنلىق» نى تالىشىش ئويى جىددىي ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. سەيدزادە «يارىڭ ئامان بولسا ۋە-

سالدىن ئۈمىد بار» دەپ قارلىق خىلۋەتگاھىنى خىيالەت قۇچاقلاپ ياتات-
تى. ئۇ ئاشىنىسى نازىيابتىن رىشتىسىنى ھەرگىز ئۈزمەسلىككە
روھىي دۇنياسىدا يەنە بىر قېتىم ئاشىقانە قەسەم ئىچتى.

نىگارنىڭ روھىي ئاسمىنىدا «غوجايىن» بولۇش ئەمەس، بەلكى،
ئەڭ مۇھىمى «ياخشى كېلىن بولۇش» تىن تۇغۇلغان ئۈمىت يۇلتۇ-
زى چاقنايتتى. «تەن - گەۋدەم يەردە، بېشىم تەكىي - ياستۇقتا، ئوڭ
قولۇمنى بېسىپ ياتتىم، تاپشۇردۇم ئۆزۈمنى ئاللاغا» دېگەن دۇرۇتنى
ئوقۇپ، يوتقانغا كىرگەن سەيىد ئويقۇدىن بىدار، ئويغا گىرىپتار
ئىدى: «مەن — سەيىد - ئىشاننىڭ بىر ئاشىنىسى بولۇش پەرز—
دېگەن بىلەن ئاشنادارچىلىقتا يۈزلىنىپ، نازىياپ بىلەن... ھەي... مەن
ئىلگىرى ئويناپ يۈرگەن ئۇ ئايال ئەگەرچەندە، ئالىمادىس ئوغلۇمنى
نىگاردىن تارتىۋالسا، ئۆينى رەسۋالىق، سەتچىلىك باسىدۇ. — سېغىز
دۆڭ سەتچىلىكى — سىرتقا چۇۋۇلۇپ چىقمىغاي، يا دەستىگىرئەلى،
ئۆينىڭ بوسۇغۇسىغا شەيتاننى دەسسەتمىگەيسەن، بەد - نەس شەيتان-
نىڭ ئالدىنى قامچاڭ بىلەن توسۇپ قالغايسەن... نىگار ئۆينىڭ ئەبە-
دىي مەزمۇت «شاھ تۈۋرۈكى» بولغاي... نازۇك پەرىدەك ئۇز خوتۇنى
بار تۇرۇپ، بۇ كور سەيىدچاقنىڭ— كۆڭۈل چۇشكەن ئىت مايىقى
پاكىز— دېگەندەك، ئىت سىيگەن ئاق چىغنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنى-
نى، ھەي!..»

سەيىدزادە ئاشىنىسى بىلەن قارلىقتا بىللە بولۇش جەريانىدا
سوغۇق ئۆتۈپ بىتاپ بولۇپ قالغان، موللا دادىسى ئوغلاق ئۆلتۈ-
رۈپ، «دۇئايى ئەزەم» بىلەن داۋالىغان بەد - نەس شەيتاننى مانا بۇ

كىچىدە ئۆيىدە قارا باستى: قارا ئايغىر ئات تۆگىلۆكتىن سەكرەپ كىرىپ شۇنداق دېگۈدەك: ئەي شەيتان، مەن رەمەتى ئاتۋاز ئېرىكىنىڭ قارا تۇلپارى مەن. دەشتى ئەزىمدە ئادەم بالىسىنى ئېلىپ قېچىپ كې-تىۋاتقان، سېرىق چېچى يەلكىسىگە لەپەڭشىپ چۇشۇپ تۇرغان جىننى تۇتۇپ ئادەم بالىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇ جىننى چىشلەپ ئۆل-تۇرۇپ دەرياغا تاشلىۋەتكەن قارا تۇلپارمەن ! قۇتۇلدۇرۇپ قېلىنغان ئادەم بالىسى كويىستاندا پەرى تەرىپىدىن بېقىلىپ، چوڭ بولغاندا، قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر شەمشاد دەرەخ-نىڭ شېخىغا قونۇۋالغان. بەس! مەن دەشتتە جىننى قوغلاپ قويۇن-دەك چېپىۋاتقىنىمدا، پۇتۇمدىن بىر ناھال چۇشۇپ قالغان. سەن ئۇ ناھالغا ئەپسۇن ئوقۇتۇپ، ئۇنى بىرۋانىڭ ئۆيىنىڭ ئۇلىغا كۆمدۇرۇپ قويدۇڭ، ناھالىم مۇشۇ تاپتا توپىنىڭ تېگىدە دات بېسىپ ياتىدۇ. بۇ مەن ئۇچۇن ئاھانەت!

تۇلپار يەنە غەزەپلىك كىشنەپ شۇنداق دېگۈدەك:

سەن ئاشناۋاز سەيىدزادە ئاشناڭ بىلەن دىلىڭ ۋە تىلىڭ بىر ئاي-غاقچى ۋە ئەسكى «چاشقان» سەن. ئەپسۇسكى، سەن ئەينى چاغدا ئېرى-نى ئۆزۈڭگە قارىتىۋېلىپ، ئەلەم چەكتۇرگەن، سېنى ئۆيىنىڭ بوسۇ-غىسىغا ھەرگىز دەسسەتمەيدىغان، مۇناجات ـ ئىبادەتتە سەن ئۆلگەندە گۆرۈڭگە ئوت كېتىشنى تىلەيدىغان مەڭ بۇۋى بىلەن سادا، ناتىۋان كېلىن نىگار «چاشقان» نىڭ دەل سەن ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيدۇ. مەن ھامىنى ناھالىمنى پۇتۇم بىلەن پەشۋا ئېتىپ، ئۇستىخانلىرىڭنى تالقان قىلىۋېتىمەن!

تۆلپار تۆگۈلۈكتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر مۈشۈك تۆگۈلۈكتىن سەكرەپ چۈشۈپ، يوتقىنىمدىن يېرىم ئۆرە بولغان، غال ـ غال تىترەۋاتقان نازىيابقا ئېتىلدى. ئۇ نازىيابنى تاتىلىۋېتىپ، شۇنداق دېگۈدەك:

مەن بىر ساۋابكار كەمپىرنىڭ ئۆيىدە جىگىردەك يەپ خاتىرجەم ياشاۋاتقان ئۆي مۈشۈكى ئىدىم. بىر كۈنى چىغزاردا تەرەت قىلىۋاتقىنىمدا سەن ماراقچى مېنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيۈڭگە ئاپارغاندىن كېيىن موللا داداڭ دۇمبەمنىڭ تۈكلىرىنى يۇلۇپ، ئۇنى ئىسرىقلىق قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرۋانىڭ جىن چاپلاشقان بالىسىنى ئىسرىقلاپ داۋالىدى. مەن ئاچچىقىمدا موللامنىڭ قولىنى تاتىلاپ قويغاچقا موللا داداڭ ئەپسۇن ئوقۇپ مېنى قىيانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا چىقىرىپ تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئەمدى بەدەنلىرىڭنى تاتىلاپ، ئۆچۈمنى سەندىن ئالىمەن!

چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۈمۈلگەن نازىياب سەت ۋارقىرىغىنىچە، يوتقاندىن قاڭقىپ چىقىپ، پەگاغا چۈشۈپ كەتتى...

***

ھەم ئۇيقۇسىزلىقتىن ھەم ناسىۋالسىزلىقتىن بېشى ئاغرىپ بەتاقەت بولغان قېيىنئاتىسىنىڭ جىددىي ئۆتۈنۈشى بىلەن قاق سەھەردە چاكاندا جىلغىسىغا يېتىپ كەلگەن نىگار يوغانراق چاكاندا يۇلۇپ ئاپىرىپ قېيىنئاتىسىنى خۇش قىلىۋېتىشنى ئويلىدى بولغاي، قارلىق تاغقا كۆنگەي تەرەپتىكى ئالا قاپتال بىلەن ياماشتى. ئۇ تاغنىڭ خېلى ئېگىز يېرىدىكى قوتازنىڭ قۇيرۇقىدەك يوغان چاكاندى-

نى كۆردى ـ دە، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پەللىنى كۆزلەپ يۇقىرىغا يا-
مىشىۋەردى.

ئۇ «تاغنىڭ رەھىمى يوق، قولى بار» دېگەننى بىلەتتى، ئەمما «تاغقا چىقساڭ تىك چىقما» دېگەننى بىلمەيتتى. ئۇ موللابۇفنىڭ چى-قارغان ھۆكۈمى بويىچە، سۇدىن قورقىدۇ، تاغدىن قورقمايدۇ. ئۇ كۆز-لىگەن پەللىگە يامىشىپ چىقىپ، چاكاندىنى كۈچەپ يۇلۇشىغىلا قار كۆچكۈنى بىلەن بىللە تاغ كۆكسىدىن ئاجراپ پەسكە — جەھەننەم چوڭقۇرىغا دۇملاپ چۈشۈپ كەتتى...

«سانسىز يۇلتۇزلار بىلەن بىللە ھاۋايى مۇئەللەقتە بىر مەزگىل چاقناپ تۇرغان كۆك سىرلىق لېگەن كۈمۈش ئايغا ئۆزگەردى. كۈمۈش ئايدىكى «ھالقا» دەپ ئاتىلىدىغان تاغدا ئەۋزا ئىسىملىك قىز بىلەن ھەيدەر ئىسىملىك يىگىت توي قىلىشتى. كېيىن ئۇلار تۇرۇ-ۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىكىگە «ئىناق ئائىلە» دېگەن سۆز ئويۇلدى.

بۇ، توقسان ياشلىق سوخسۇر موماي قەشەڭ يايلىقىدا، تىلى گەجگىسىگە چىقىپ قالغان «غەلىتە گۈل» گە سۆزلەپ بەرگەن «ئىشان قىزى» ناملىق چۆچەكنىڭ خاتىمىسى ئىدى.

2008 ـ يىلى 2 ـ ئاي

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلنۇر ئەمەت
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم

# ئۆزۈنگە سوزۇلغان يول

قەدەم دىرىبىن زادە

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بىياۋگەنجى باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ باسمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
**باسما تاۋىقى:** 4.5
**نەشرى:** 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-4408-1
**باھاسى:** 13.50 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

ISBN 978-7-5469-4408-1

定价：13.50元